# پەرزەنت ۋە پەزىلەت

تۈزگۈچى: خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

## مۇھەررىردىن

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى 1940- يىلى 11- ئاينىڭ 15- كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1957- يىلى 7- ئايدا ئۈرۈمچى 2 - پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن. 1982- يىلى 2- ئايغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئاندىن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات (ھازىرقى فىلولوگىيە) فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ 43 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا بىر تۈركۈم شېئىر، ھېكايە، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1988- يىلى نەشرىياتىمىز نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابى ئاپتونوم رايونلۇق يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2004- يىلى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئۇنىڭ «ئادەم بولۇش يوللىرى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنغان.

中国在版编目 CIP 数据

子女与品德/胡加阿布都拉・伊布拉音编. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2006・9
ISBN7—5373—1548—5

Ⅰ.子… Ⅱ.胡… Ⅲ.家庭教育：品德教育—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.G78

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 108735 号

责任编辑：齐曼姑丽・阿吾提
责任校对：阿尔祖姑丽・斯迪克

# 子女与品德

编者：胡加阿不都拉・伊布拉音

喀什维吾尔文出版社出版
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 5.625 印张 1 插页
2006 年 9 月第 1 版　2006 年 9 月第 1 次印刷
印数：1—3080　　定价：10.00 元

如有质量问题，请我社与联系调换　电话：0998—2653927

# مۇندەرىجە


بالىلارنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەش .......................... 1
ئائىلە، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنت .......................... 12
ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى .......................... 19
ياخشى ئاتا - ئانا بولۇش .......................... 29
ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەسئۇ-
لىيىتى .......................... 36
ئاتا - ئانىلىق ئۈلگىسىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان
ئىللەتلەر .......................... 40
پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇش توغرىسىدا .......................... 42
پەزىلەت ۋە ئائىلە .......................... 52
غەمخورلۇق .......................... 61
ئۆرۈشقاقلىق .......................... 65
باشقىلارنى ئەيىبلەشنىلا بىلىش .......................... 67
ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش .......................... 71
تارتىنچاقلىق .......................... 75
ھەسەتخورلۇق .......................... 76
ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش .......................... 78
سەۋرچانلىق .......................... 81
كۆيۈمچانلىق .......................... 84
ئۆز - ئۆزىگە كۆيۈنۈش ۋە مەلۇم نىشان ئۈچۈن

كۆرەش قىلىش ............................ 86
مەردانىلىك ............................ 89
سەگەكلىك ............................ 94
ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىش ............ 98
تەشەككۇر ئېيتىشنى ۋە دۇنيانىڭ ئىللىق ماكان
ئىكەنلىكىنى بىلىش ...................... 102
يالغانچىلىق ............................ 109
بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بىلىملەرنى قانداق
ئىگىلىتىش كېرەك ...................... 116
بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ...... 123
بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۇزۇقلۇق بى-
لەن بولغان مۇناسىۋىتى .................. 129
بالىلارنى ئەتىياز پەسلىدە ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .............. 133
پەرزەنتلەرنى ئائىلىدە تەربىيىلەشتە بىلىشكە تې-
گىشلىك بەزى بىلىملەر .................. 137
بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە ئۇسۇلغا ئالاھىدە دىق-
قەت قىلىش لازىم ........................ 140
ئائىلە تەربىيىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىز-
لىك .................................... 142
بالىڭىزنى پۇلغا قىزىقتۇرماي، پۇل خەجلەشنى
ئۆگىتىڭ ................................ 156
بالىڭىزنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق
تەربىيىلەڭ ............................ 161
بالىلارنىڭ مىجەزىنى توغرا بىلىش ۋە قان تىپىغا
قاراپ ئىلمىي تەربىيىلەش .................. 164

# بالىلارنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەش

ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئاتا - ئانىلار بولسا پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى. ئائىلە تەربىيىسى، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان ئىجابىي پىسخىك تەسىرى ئېگىز بىنالارنىڭ ئۇلىغا ئوخشايدۇ.

ئاتا - ئانا ئۈچۈن بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەت. بىراق، ئائىلىدىكى تەربىيە ۋە پىسخىك تەسىر تېخىمۇ مۇھىم. بۇ ئىنچىكە، مۇرەككەپ، قىلچە سەل قاراشقا، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدىغان، قانداق ئەۋلادنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلە. شۇڭا، ئائىلە شارائىتى، مۇھىتى ياخشى بولۇشتىن تاشقىرى، ئاتا - ئانىنىڭ ئەخلاق سۈپىتى، دۇنياقارىشى، بىلىم سەۋىيىسى، ئۆزئارا مۇئامىلىسى، مىجەز - خۇلقى، قىزىقىشى، تۇرمۇشتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىنتايىن ئىلغار بولۇشى لازىم. چۈنكى، بۇلار بالىلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. بالىلارنى پەزىلەتلىك

قىلىپ تەربىيىلەشتە ئەڭ مۇھىمى ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۆزلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك. چۈنكى، پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ كۆچىتى، يىلتىزى، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئۈمىدى ۋە كەلگۈسىدۇر. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار، بولۇپمۇ ئانىلار ئۆزىنى پەرزەنت تەربىيىسىگە بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھقا، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭىغا، ئىلمىيلىقا ۋە يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇر، جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىلىم قامۇسى «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ.

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

ھەممىگە مەلۇم، بالىلار تەربىيىسىدە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتە يېتىلگەن يارامىلىق ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسىدە ئانا ھەرقانداق بالىنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئانىنىڭ تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. تېببىي ئىلىم ساھەسى-



دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەرزەنتنى ئۆز ئانا سۈتى بىلەن بېقىش شۇ پەرزەنتنىڭ ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭمۇ ئاساسىدۇر.

ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە تېببىي ئالىملار ۋە پسىخولوگلارنىڭ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئانا باغرىغا دۈم ياتقۇزۇپ قويۇش، ئىككى يىل ئانا سۈتى بىلەن بېقىش قاتارلىق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، دەل يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ياخشى تەربىيىلەنگەن پەرزەنت بىزنىڭ بەختىمىز، خۇشاللىقىمىز، غەلىبىمىزدۇر. يامان تەربىيە — غەم - قايغۇمىز، مىللەت، خەلق، ۋەتەن ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھىمىزدۇر.

تۇنجى تەربىيە، تۇنجى «مەكتەپ» ئائىلىدىن باشلانغىنىدەك، تۇنجى «دەرس» مۇ تۇنجى «ئوقۇتقۇچى» ئانىدىن باشلىنىدۇ. ياخشى تەربىيىلەنگەن پەرزەنتنىڭ شان-شەرىپى جاپاكەش، مېھرىبان ئانىغا مەنسۇپ بولغىنىدەك، ناچار تەربىيىلەنگەن بالىنىڭ كەلتۈرگەن بالايىئاپىتىمۇ ئۇنى تەربىيىلىگەن ئاتا - ئانىغا مەنسۇپتۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسىنى يارامىلىق پەرزەنت تەربىيىلەيدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق تەربىيىلىنىشىگە ئۇل سالىدىغان، تۇنجى «تەربىيە بۆشۈكى» گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. بۇ ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ

زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە، پەرز ۋە قەرز-
دۇر.

ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ھاڭگا
ئېشەك بالىسىغا ئىگە بولماپتۇ» دېگەن تەمسىلدىكىدەك،
باللارغا ياخشى ئىگە بولمىساق، تەربىيىدىن مەھرۇم بول-
غان بالا جەمئىيەتكە يارامسىز چوڭ بولسا، كىشىلەر ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا لەنەت ئوقۇيدۇ. قىز - يىگىت-
لەر ئۈچۈن ئاتا - ئانا بولماق ئاسان، بىراق ھەقىقىي،
يارامىلىق ئاتا - ئانا بولماق ناھايىتى تەس.

ئەنگلىيىلىك پسىخولوگ تونى بوزان مۇنداق دەپ قا-
رىغان: «بوۋاقلار تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپلا، ئەقلىي ئىقـ-
تىدارى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىقتىدار يېتەكلەشكە
ئېرىشەلىسە، باللار پەقەت ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۆز تىلى-
نى ئىگىلەپ، ھەرقانداق مۇتەپەككۇردىنمۇ ئېشىپ كېتى-
دۇ. ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندە، تىل جەھەتتە مۇتەخەس-
سىس بولۇپ كېتىدۇ». بۇ بىر ئىلمىي بايقاش، ئىلمىي
قاراش. ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بىر
قىسىم ئانىلار بوۋاقلارنىڭ تېپىرلىشى، يىغلىشىغا قاراپ
ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بالىنى ۋاقتىدا ئېمىتىپ،
توسۇپ تۇرغاچ بالا زاكىسىغا سىيىپ قويمايدۇ. بىر قىسىم
ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا دىققەت قىلالمىغاچ، بالىنىڭ ئاستى
داۋاملىق ھۆل، تەرەت بىلەن بۇلغىنىدۇ. يەنە بەزى ئاتا-
ئانىلار باللىرىنى ئەركىلەتكەندە روشەن ئەدەبىي تىل بى-
لەن ئەركىلەتكەچ بۇ خىل ئاتا - ئانا تەربىيىلىگەن باللار-



نىڭ تىلى راۋان ۋە تېز چىقىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار
سۆزلۈكلەرنى كەمتۈك سۆزلەپ باللىرىنى ئەركىلەتكەچكە
ئۇ خىل باللارنىڭ تىلى كەمتۈك چىقىدۇ. ياپونىيە ئايال-
لىرى ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ پەرزەنت تەربىيىلەشكە
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن. شۇڭا، ياپونىيىدە ھەربىر
ئايال پۇقرانىڭ ساپاسى يۇقىرى بولۇش جىددىي كۈن تەر-
تىپكە قويۇلىدىكەن. دەرۋەقە، پەرزەنت ئۈچۈن ئۆزىنى
قۇربان قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روھ ئۆگىنىشكە ۋە قەدىرلەش-
كە ئەرزىيدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەت ئېڭى تولىمۇ ئىلمىي-
لىقىغا ۋە يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بولۇپ، ماھىيەتتە
ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن تۇيۇن-
غان بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ چاقنىشى. بۇنداق بۇرچ تۇيغۇسىغا
ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتا- ئانىلاردا يېتەرلىك ساپا، گۈزەل
ئەخلاق- پەزىلەت، كىرىزىس ئېڭى بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەشتە
ئاتا - ئانىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇ ئىلمىي
ھەقىقەتنى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز خېلى بۇرۇن تونۇپ
يەتكەچكە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە:

ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر ئۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.

دەپ يېزىش ئارقىلىق، بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بېرىش، مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق بىلىم ھەم ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

مەكتەپ تەربىيىسى بالىلار تەربىيىسىنىڭ ئايرىلماس ۋە ئاساسلىق بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەكتەپتە بالىلار بىلىم ئېگىلەپ ئەقلىنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ، ھەقىقىي ئادەم بولۇش يولىغا قەدەم قويىدۇ. گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، خۇلق، مىجەز، خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، مەكتەپلەر كىتاب ئوقۇتۇشقىلا ئەمەس، ئادەم تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. كىتابىي بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئەمەلىي بىلىمىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزگىنى بىلىش، دۇنيانى بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى، ئاخىرىدا ئۆزىنى، ئۆزگىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قەدەم قويۇشى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان ئىزباسارلار كەلگۈسىنىڭ يۇقىرى ساپالىق قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ چىقىشى لازىم. ئەڭ مۇھىمى مەكتەپلەر بالىلارغا بىلىم بېرىش جەريانىدا بالىلارنىڭ تىل جەھەتتىكى، تەپەككۇر جەھەتتىكى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، لوگىكىلىق خۇلاسە، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىزدىنىش جەھەتتىكى ئەقلىي قابىلىيەت بولىقىنى ئېچىشقا زور ئېتىبار بېرىشى لازىم.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بالىلار پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى ئانالىز قىلىپ، پەقەت ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مۇھىت، ئېنىق ئېيتقاندا تۇرمۇش شارائىت-



ىنىڭ بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ھازىرقى زامان غەرب مائارىپىنىڭ ئەندىزىسىنى تۆۋەندىكىچە قېلىپلاشتۇرغان:

1) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى قورقۇش ئىچىدە ئۆتسە، ئۇ غەمكىن بولۇپ قالىدۇ.

2) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتسە، ئۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ قالىدۇ.

3) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى تەنقىد ئىچىدىلا ئۆتسە، ئۇ پەقەت باشقىلارنى ئەيىبلەشنىلا ئۆگىنىدۇ.

4) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى بىچارىلىك ئىچىدە ئۆتسە، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىدۇ.

5) ئەگەر بالا تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى ئىچىدە ياشىسا، ئۇ بارا - بارا ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

6) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى ئىچى تارلىق ئىچىدە ئۆتسە، ئۇ ھەسەتخورلۇقنى ئۆگىنىدۇ.

7) ئەگەر بالا ھاقارەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشىسا، ئۇ ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

8) سەۋر - تاقەتلىك ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسكەن بالا سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىدۇ.

9) ئەگەر بالا ئىلھاملاندۇرۇش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.

10) ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى ماختاش ئىچىدىلا ئۆتسە، ئۇ تەشەككۇر ئېيتىشنى ئۆگىنىدۇ.

11) ئەگەر بالا تۇرمۇشتا باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ياشىسا، ئۇ كۆيۈمچانلىقنى ئۆگىنىدۇ.

12) ئېتىراپ قىلىش مۇھىتىدا ياشىغان بالا ئۆز - ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى ۋە مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ.

13) بالا ساپ، سەمىمىي ۋە توغرا تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ نېمىنىڭ ھەقىقەت ۋە ئادىللىق ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىدۇ.

14) ئەگەر بالا تۇرمۇشتا بىخەتەرلىك ئىچىدە ياشىسا، ئۆز- ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.

15) ئەگەر بالا تۇرمۇشتا مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە ياشىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

16) ئەگەر بالا ساپ تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىسا، مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ ياشاشنى ئۆگىنىدۇ.

دەرۋەقە، بالىلارنىڭ ئائىلە شارائىتى، مۇھىتى، بولۇپمۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن قوبۇل قىلغان تەسىرىدە خېلى زور پەرقلەر بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. پسىخولوگلار تەتقىقاتىدا بالىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن خاراكتېرىنى بىرقانچە تۈرگە ئايرىغان:

1) ئائىلە تەربىيىسىدە ئەركىنلىتىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاندا بالىلاردا بەڭۋاشلىق، بېقىندىلىق ۋە كۆرەڭلىك



ئىپادىلىرى كۆرۈلىدىكەن؛

2) ئائىلە تەربىيىسىدە قاتتىق قوللۇق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، بالىدا بىشەملىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق ئىپادىلىرى كۆرۈلىدىكەن؛

3) ئائىلە تەربىيىسىدە ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، بالىدا ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئىش قىلىش، باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماسلىق ئىپادىلىرى كۆرۈلىدىكەن؛

4) ئائىلە تەربىيىسى دېموكراتىك (ئائىلىدىكى ئىشلارنى بامەسلىھەت كېڭىشىپ قىلىدىغان) تەلەپچان ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلاردا مۇستەقىللىق، تىرىشچانلىق، چىقىشقاقلىق ۋە سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت خاراكتېر ئالاھىدىلىكى يېتىلىدىكەن.

دېمەك، ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەشتە ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ يېتىلىشىدە ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئائىلە شارائىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئاتا - ئانىنىڭ تەلىپى ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ بالىلاردا پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىدەك ئىلمىي ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، بالا تەربىيىلەشتىكى بىلىمى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، بالىلارغا ساپ، تىنچ، ياخشى ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارغا قويغان تەلەپ ۋە پوزىتسىيىدە ياخشى ساپانى يېتىلدۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەك-

چىلەرنى، ئىز باسارلارنى، كەلگۈسىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك قۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئۈزلىرىنى بېغىشلىشى لازىم. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بالىلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ بۇ بارلىق ئاتا - ئانىلارنى قاتتىق ئويلاندۇرىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئۇنداقتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى سىناپ كۆرۈڭ:

1) ھېكايە سۆزلەپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2) شېئىر ئوقۇپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرغىلى، ئەخلاقىنى تاۋلىغىلى بولىدۇ.

3) ئويۇن ئويناپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، بىلىمىنى بېيىتقىلى بولىدۇ.

4) سوئال سوراشقا ئىلھاملاندۇرۇش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، مول بىلىمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

5) بىۋاسىتە كۆزىتىش. ئەمەلىي بۇيۇملارنى بالىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈشىگە قويۇپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

6) ئويۇن قويۇش. بۇ ئارقىلىق بالىلارغا ئوخشىمىغان روللارنى ئالدۇرۇپ، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.



7) دوراش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنى چوڭلارنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقىنى دوراشقا ئىلھاملاندۇرغىلى بولىدۇ.

8) مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش. بۇ ئارقىلىق بالىلاردا توغرا - خاتانى ئايرىيالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بالا تەربىيىسىدە تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ:

1) بالىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇڭ، بالىغا ئائىلىنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇڭ.

2) بالىدىن تەلەپ قىلىغاننى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئورۇنداڭ.

3) بالىڭىز بار يەردە جورىڭىز بىلەن ئۇرۇشماڭ.

4) بالىڭىزغا ئاتا - بوۋىڭىزنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بەرمەڭ.

5) بالا ئالدىدا خاتالىقىڭىزنى بوينىڭىزغا ئېلىڭ.

6) باشقىلار بالىڭىزنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندە ئۇنىڭغا چاپان ياپماڭ.

7) بالىڭىزنىڭ سىزگە گېپى بولسا ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاڭ.

8) بالىنى تەنقىد قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا، سىزگە رەددىيە بېرىشىگە يول قويۇڭ.

9) بالىنى بىر ئىشقا مەجبۇرلىماڭ، ئۇنىڭغا تاللاش ۋە ھۆكۈم قىلىش پۇرسىتىنى بېرىڭ.

10) بالىغا بەرگەن ۋەدىڭىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇ-

رۇڭ.

11) ھەدېسلا بالىنى قورقۇتماڭ.

12) ئائىلىدە بالىغىلا مەنسۇپ بولغان ماكان ھازىرلاپ بېرىڭ.

## ئائىلە، ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت

پەرزەنتلەرنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەشتە ئائىلە ۋە ئاتا-ئانىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. بالا قورساقتا ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ مەكتەپ يېشىغا يەتكۈچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ تۇنجى يىغىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى جاكارلىسا، بىر قىسىم ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، تۇغما تالانتىنى نامايان قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇنى بىلىشى، بايقىشى، چۈشىنىشى، بايقىيالماسلىق تۈپەيلىدىن بالىغا بولغان تەربىيىنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىقى لازىم.

ئائىلە — بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى، جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولۇپ، جەمئىيەت بىلەن ئائىلە، ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئىناق ئۆتۈش ئارقىلىق تىنچ، ئىتتىپاق، ئىناق جەمئىيەت قۇرغىلى بولىدۇ. تىنچ، ئىتتىپاق، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئائىلىدىن باشلىنىدۇ.

ئانا — ئائىلە تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ تۇنجى ۋە ئاساس-



لىق ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئاتا بولغۇچى ئانىنى قوللىشى كېرەك. چۈنكى ئاتا — ئائىلىنىڭ چىرىغى، تۈۋرۈكى. ئاتىلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندىلا، ئانىلار ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالايدۇ.

زاماننىڭ تەرەققىياتى، تەقەززاسى ھەممە ئادەمنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە، ئۆزىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە چاقىرماقتا. بۇنداق ئەھۋال ئەرلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارغىمۇ زور كىرىزىس ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئانىلار ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم. مانا بۇ زامانىمىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەقىقىي ئانىلىق مەجبۇرىيىتىدۇر. مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئانا — ئائىلە مۇرەببىي» دېگەن ماقالىسىدە: «ئائىلە — بالاغەتكە يەتكەن، بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقان قىز ـ يىگىتنىڭ قانۇنلۇق توي مۇراسىمىدىن كېيىنكى قوشۇلۇشىدىن، يەنى مۇھەببەت ئارقىلىق جاننى ۋە قەلبىنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇشىدىن مەيدانغا كەلگەن كىچىك كوللېكتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، پەرزەنتنىڭ تۇنجى ‹مەكتىپى› دىن ئىبارەت» دېيىلگەن. دېمەك، ئانا، بولۇپمۇ ياخشى ئانا، ئائىلىنىڭ بەختى. ئائىلىنىڭ قۇدرىتى، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمىكى، ئانىنىڭ بىلىم بىلەن ئەقلىنى يورۇتۇپ، ئائىلە باشقۇرۇشقا باغلىقتۇر. ئانىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، بىلىمى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى،

پاكلىقى — پەرزەنت ئۈچۈن بىر ئەندىزە بولۇپ، ئۇ پەرزەنت قەلبىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەرزەنتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئەنە شۇ تۇنجى ئۇستاز ئانىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق بولۇپ، ئەقىلسىز ئانىدىن تەلىم ئېلىپ بۇزۇلغان بالىنى جەمئىيەت ۋە مەكتەپنىڭ تۈزۈشى ناھايىتى تەس.

تۇنجى ئۇستاز ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەلبىگە تەلىم - تەربىيە ئۇرۇقىنى چاچقۇچى دېھقان، بالىدا كامالەت، ئەقىل - پاراسەت، تالانت، قابىلىيەت، ئەدەپ - ئەخلاق يېتىلدۈرگۈچى باغۋەن. بالىغا بەرگەن ئاش - ئوزۇق كېتىدۇ، تەلىم - تەربىيە قالىدۇ. شۇڭا، دانالار «ئانا قۇچىقى بىرىنچى مەكتەپ، ئانىنىڭ بىلىمى، ئەقىل - پاراسىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى، پاكلىقى، سادىقلىقى، خۇلق - مىجەزى، خاراكتېرى پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى ۋە دائىمىي دەستۇر» دېگەنىكەن.

ھازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى تونۇپ يەتتىكى، قەيەردە قايسى مىللەتنىڭ قىز - ئاياللىرى بىلىملىك، ئەقىللىق، پەم - پاراسەتلىك، تەلەپچان، قاتتىق قول بولسا ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىدە پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولالىسا، شۇ يەردە بالىلار كارغا كېلىدىغان، ياراملىق، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق، ھەقىقىي ئادىمىيلىككە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مۇنداق مۇنەۋۋەر قىز- ئاياللار تۆركۈمى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارى ۋە غەمخورلۇقى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.



دەرۋەقە، گوركىينىڭ ئېيتقىنىدەك: «مەدەنىيەت دەرىجىسى ئاياللارغا تۇتۇلغان مۇناسىۋەتتە ئۆلچىنىدۇ». مەدەنىيەتلىك، كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق مىللەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى شۇ مىللەتنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئائىلە ئىچى ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ ئانىسى، ئاچىسى، سىڭلىسى، سۆيگۈنى، رەپىقىسى، ھەمرىيى شۇنداقلا ۋەتەن - خەلقىنىڭ، ھەقىقىي ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسى، ئائىلە بەخت - سائادىتى جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم ئۈمىدۋارلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ھالقىدىن ئىبارەت.

ئاتا — ئانىنىڭ ھەمراھى، غەمگۈزارى، مۇڭدىشى، سىردىشى، ئىناق ئائىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئەزاسىدۇر. ئاتا ئۈچۈن ئېيتقاندا پەرزەنتلىك بولۇش، پەرزەنتكە ئاتا بولۇش قىيىن ئەمەس، بىراق ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق ياراملىق ئاتا بولۇش، پەرزەنتكە ھەقىقىي ئاتىلىق قىلىش قىيىن. ئەر بىلەن ئايال بىر ئائىلە ئۈچۈن مەنپى - مۇسبەت ئۇل، دۇتارنىڭ بوم ۋە زىل ئىككى تال تارىسىدەك مۇھىم، تارىسىز دۇتار ناۋا قىلالمىغىنىدەك، ئەر - ئايالسىز ئائىلە تولۇق ئائىلە ھېسابلانمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، ياخشى خاراكتېرلىك ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ئەر كىشىنىڭ ياش، قاۋۇل، كېلىشكەن بولۇشى، مۇلايىم، رەھىمدىل،

مېھرىبان، كەڭ قورساق، سېخىي، مەرد بولۇشى ياكى قەھر - غەزەپلىك، ھەرىكەتچان بولۇشى ۋەياكى قول ئىلكىدە بار، پۇلدار بولۇشى ياكى زاۋاندار، قىزىقچى، ئويۇنپەرەس، كىشىنى زېرىكتۈرمەيدىغان، ھەزىلكەش بولۇشىمۇ ئاساسىي شەرت قىلىنمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ئائىلىدە ئۆز خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىگە سادىق بولۇش، كۆيۈنۈش، ئۆز مېھىر - مۇھەببىتىنى ئايىماي تەقدىم قىلىش، بولۇپمۇ ئائىلىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەرلىك مەجبۇرىيىتىگە نىسبەتەن قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ئېڭى بولۇش ھەممىدىن مۇھىم. ھەرقانداق ئايال زاتى ئۆز ئېرىنى دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچەپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش، ئەرلىك ئۈستۈنلۈكى، غۇرۇرى ئۈچۈن ئايالنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلماسلىق، كۈچ ۋە تىل ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىسىش، بېقىندۇرۇش ئارقىلىق قىيناش، ئەرلىك ھاكىم مۇتلەقلىقنى يۈرگۈزۈپ، فېئوداللىق ئاڭ بىلەن ئايالنىڭ قورقۇپ، نېمە دېسە خوش دەپ تىترەپ تۇرۇشىنى، نېمە دېسە شۇنى قىلىشنى زالىملارچە تەلەپ قىلىپ ئايالنى خورلاش ئەركەكلەرگە خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس.

ئائىلە، بولۇپمۇ ئىناق ئائىلە، مۇھەببەتلىك ئائىلە بالىلارنىڭ جەننىتى. ئاتا ( دادا) مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى، ئۇ ئائىلە ھۆجەيرىسىدە جەمئىيەت بەختىنى پەرزەنت گەۋدىسىدە مىللەت كېلەچىكىنى ئۆستۈرگۈچى باغۋەندۇر. ئۇ ئۆز ئەمگىكى، ئىجادىيىتى، ئەقىل - پاراستى، ھېس-



سىياتى، تەدبىر - چارە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكىنى بەجا كەلتۈرۈشى لازىم.

يېڭى زامان ئۆزبېك ئالىمى پروفېسسور ئابدۇللا ئەۋلانى: «تەربىيە بىز ئۈچۈن ياكى ھايات ياكى مامات، ياكى نىجات، ياكى ھالاكەت، ياكى سائادەت مەسىلىسىدۇر» دېگەنىدى. پەرزەنت — ئاتا - ئانىنىڭ كۆچىتى. ئائىلىنىڭ يىلتىزى، ۋەتەن، مىللەت، خەلقنىڭ كەلگۈسى، ئۈمىدى، ۋارىسى، ئىشلىرىمىزنىڭ ئىز باسارىدۇر.

ئاتا — ئائىلە، خوتۇن، پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى. ئاتىلىق مېھىر ئاتىغا خاس تەلەپ، پىكىر، تۇيغۇ، چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان شەپقەت ۋە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئانىلىق مېھرىنىلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن.

پەرزەنت — ئائىلىنىڭ بەختى، خۇشاللىقى، دىل ئارامى ھەم بەخت - تەلەي ئەلچىسىدۇر. پەرزەنت تومۇرىدا ئاتا بىلەن ئانىنىڭ قېنى ئۇرغۇپ ئاقىدۇ. پەرزەنت چېھرىدە ھەم ئاتىنىڭ، ھەم ئانىنىڭ چىراي شەكلى، ۋۇجۇدىدا مىجەز - خۇلقى، ئېتىقادى، سۆز - ھەرىكىتى، خاراكتېرى، ۋىجدانى، مەيدانى ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئالدىدا تۇرغان ئاتا - ئانىلار، پەرزەنت يۈزى كۆرگەن ئاتا- ئانىلار ئۆزىنىڭ ياخشى خۇلقى، مىجەزى، خاراكتېرى، ئەدەپ - ئەخلاقى، پەم - پاراستى، ئەقىل- ئىدراكى، گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ياخشى

ئاتا - ئانا بولۇش ياخشى پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر - ئاياللار ئۆز ھەمراھىنىڭ كەسپىي قىزىقىشى، ئىجادىيىتىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئورتاق ھەمكارلىشىشى لازىم.

ئىجابىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئائىلە شارائىتىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بالىلارنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەشتە ياخشى ئائىلە مۇھىتى يارىتىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق، ئىناقلىق، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيلىك ۋە ئەدەپ - قائىدە، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئائىلىنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشى ۋە تېنچ، بەختەر بولۇشى، بارلىق بالىلار ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشكەن بولۇشى — بالىلارنىڭ ئەدەپلىك، ئىنتىزامچان، باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، باشقىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆرسە تەشەككۇر ئېيتىدىغان، كۆيۈمچان، مەردانە، ھەقىقەت ۋە ئادىللىقنى ياقلايدىغان، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىدىغان، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ ياشايدىغان ياخشى پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەش ئۈچۈن بالىلارغا ياخشى مۇھىت، ياخشى ئائىلە شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.



# ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى ئوبرازى

ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ پرىنسىپى بالىلار ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيەتلىرى ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ كونكرېت ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيىدە ئاتا - ئانىنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ئوبرازى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئۆز - پەرزەنتلىرىگە تەربىيە بېرىش جەريانىدا بالىلارغا ھەقىقىي، چىن دىلىدىن كۆيۈنۈشى كېرەك. چۈنكى، بالىلارنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇلار ھامان ئاتا-ئانىلارنىڭ، باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج بولىدۇ. كۆيۈنۈش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى. كۆيۈنۈش بولمىسا تەربىيىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆيۈنۈش بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇشنى بىرلەشتۈرۈش، كۆيۈنۈش بىلەن ئۇلارنى ئادەتتىن تاشقىرى ئەتى-

ۋارلاپ ئەركىلىتىشنى ئاربلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.
قايىسىدۇر بىر كىتابتىن مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىم
ئېسىمدە: «بىر ئايال پەيلاسوپتىن‹ مېنىڭ بالام ئالتە ياشقا
كىردى. بىرئاز ئەركە ـ نايناق› ، قانداق قىلسام بالامنى
بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلدۇرالايمەن؟— دەپ سورىغان ئىكەن،
پەيلاسوپ: ‹ئاپلا، بەكلا كېچىكىپسىز، بالىنى قورساقتى-
كى ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ. بالىڭىزنىڭ ئەقىل تېپىپ بۇ ئىل-
لەتلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىڭ› دەپتۇ.»
ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە
بولىدۇ. بىراق، كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار چۈشەنمەسلىك
ياكى بايقىيالماسلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بالىلارنىڭ
دەسلەپكى ئالتە يىللىق تەربىيىسىگە سەل قاراپ، «بالا
تېخى كىچىك» دېگەننى باھانە قىلىپ، بالىلاردىكى بۇ تۇغما
قابىلىيەتنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇنى ئاز
دېگەندەك، بالىغا «ئالاھىدە» كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ،
ئاغزىدىن چىققىنىنى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بالىنى كى-
چىك ۋاقتىدىنلا بۇزۇۋېتىدۇ. بالا — كەلگۈسىنىڭ
ئىزباسارى، ۋەتەن ـ خەلق، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئائى-
لىنىڭ ئۈمىدى. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى، بولۇپمۇ ئانا
بولغۇچى بالىغا بولغان تەربىيىنى قورساقتىكى ۋاقتىدىن،
ھېچبولمىغاندا تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاش لازىم.
ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈش، ئاغزىدىن چىققىنىنى قى-
لىپ بېرىش، ھەرقانداق ئىشتا بالىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش



قىلىش ياخشى ئۇسۇل ئەمەس. بالىلاردا كىچىك ۋاقتىدىن
تارتىپ ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئىزا
تارتىدىغان، ئۇنى تۈزىتىشكە قاراپ يۈزلىنىدىغان خاراكتېر
يېتىلدۈرۈشتىن سىرت، تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنىڭ ئورۇنلۇق-
لىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئورۇنسىزلىرىنى تەربىيە
قىلىپ، ياخشى گەپ ـ سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ، قايىل
قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم.
بالىغا قىممەت باھالىق ئويۇنچۇق ۋە قىممەتلىك باھا-
لىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىش بالىغا كۆيۈنگەنلىك ئە-
مەس، بەلكى ئائىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچ-
راتقانلىق. بالىنى ئەركە ـ نايناق، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى
قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەنلىك، بالىنى بۇزغانلىقتۇر.
بۇ بىر چوڭ ئىسراپچىلىق. ئەگەر بۇ ئىشقا قاتتىق دىققەت
قىلىنمىسا، بالا چوڭ بولغانسېرى ئېسىل، قىممەت باھا-
لىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئاددىي
كىيىملەرنى كىيىشنى خالىمايدىغان «چوڭچى» ، «ياساڭ-
چۇق» بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بالا چوڭايغانسېرى بالىنى
رەتلىك، چىرايلىق، ئاددىي ـ ساددا كىيىندۈرۈشكە كۆن-
دۈرمەك تەس. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار: «بالىمىز ياخشى
يېسۇن، ياخشى ئىچسۇن» دەپ ئېسىل يېمەكلىكلەرنى يې-
گۈزۈپ بالىنى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئۆگىتىپ قويىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا: «ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ بولغىنى بىلەن
ئون بەشى قاراڭغۇ» دەيدىغان گەپ بار. بىر ئۆي دېگەننىڭ
ئۆزىگە تۇشلۇق چىقىمى بولىدۇ. كىرىم بىلەن چىقىم

تەڭپۇڭ بولمىسا، ئائىلە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاراپ بولىدۇ. بالا ئۈچۈن، ئەڭ يامان بولىدىغان يېرى، بالىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىنىۋەرسە ئۇ ئاش - ناننىڭ قىممىتىنى، قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان، ئەمگەكچى دېھقاننىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان، تاماق تاللايدىغان يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ - دە، باشقۇرماق تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

مېنىڭ بەش پەرزەنتىم بار. ئائىلەم تىرىشچان - ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرىلىدىغان ئائىلە. مەن شەھەردە ئۆسكەن، ئايالىم دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان. بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى قېينانام بېقىپ چوڭ قىلغان. قېينانامنىڭ ئىككى پۇڭ يېرى بولۇپ، يەر تېرىغاندا، ئوت ئوتىغاندا، زىرائەتلەرنى يىغقاندا بالىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى قىردا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئەمگەك قىلاتتى. قايتىشىدا بىر سېۋەت ئوت ئېلىپ كېلىپ بېقىۋاتقان قويلىرىغا سېلىپ بېرەتتى. تاماققا ئانچە - مۇنچە قوناق ئۇنى ئىشلىتىپ ئۇماچ ئېتىپ بېرەتتى. قىش كۈنلىرى زاغرا يېقىپ بالىلارغا يېگۈزەتتى. بالىلار بارا - بارا چوڭ بولۇپ، ئېتىزغا بارغاندا چوڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ يەر تېرىيدىغان، ھېچبولمىغاندا ئوتاق ئوتاپ، ئوتلارنى ئېلىپ كېلىپ قويغا سېلىپ بېرىدىغان، ئۇماچنى كۆرسە، ئىشتىھا بىلەن ئىچىدىغان بولۇپ ئۆستى. بىزنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسى بولۇپ، گەرچە شەھەردە ياشىساقمۇ بالىلىرىمىز ئاددىي دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى



بىلەن كۆرگەچ، ئاددىي - ساددا، چىدامىلىق چوڭ بولدى. بىراق، مېنىڭ سەككىز نەۋرەم بار. بالىلىرىم ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە نەۋرىلىرىمنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا قاراپ ھەيران قالىمەن. بەزىلىرى تاماقنىڭ سەيلىرىنى يېمەيدۇ، بەزىلىرى گۆش يېمەيدۇ، بەزىلىرى تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ. بىر كۈنى ئايالىم مېنى دەپ ئۇماچ ئەتكەن ئىكەن، ماڭا بىر چىنە ئۇسۇپ بېرىۋىدى، چوڭ نەۋرەم بۇنى كۆرۈپ: «مەنمۇ ئىچىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. چوڭ ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ بىر پىيالە ئەكېلىپ بېرىۋىدى، بىر قوشۇق ئوتلاپ قويۇپ: «بۇ نېمە؟ بۇ قانداق تاماق؟» دەپ قايتا ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، مەن ھەيران بولدۇم. دېمەك، بالىلىرىم ئۇماچنى بىلىدۇ، ئىچىدۇ. بىراق، بالىلىرى ئۇماچنى بىلمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. سەۋەبى بۇ بالىلار ئۇماچ، زاغرا دېگەننى ئۆز ئۆيىدە كۆرۈپ باقمىغان.

قىسقىسى، بالىلارنى ئەركە - نايناق، چوڭچى، ھەشەمەتخور، تاماق، كىيىم تاللايدىغان قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئاددىي - ساددا ياشاش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇشتەك ئېسىل خىسلەت بىلەن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ توغرىدا «ئادەم بولۇش ئۈنچىۋالا تەس ئەمەس» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ياپونىيىلىك فۇيۇڭ خۇڭفۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدەك كىچىك، ئەمما قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۇلارنى بۇنداق قىلماس-

لىقتا دەۋەت قىلىش ئەمەس، ئېھتىمال سىزمۇ بىلىسىز كېرەك، مەيلى سىز قانداق ئەقىل كۆرسىتىڭ، ئۇلار بەرىبىر رەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، سىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوللانغان ئۇسۇلىڭىز بالىڭىزنى بۇزۇپ قويغان. سىز ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈپ، بەك ئاسرىۋەتكەن، بۇ ئەمەلىيەت ئۇنى نابۇت قىلغان. بۇنى تۈزىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، بالىنىڭ چوڭ بولغانسېرى ئەقىل تېپىپ بۇ مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت». دەرۋەقە بالىغا «ئەركە - نايناقلىقتەك ئىللەتنى بىز ئۆگەتكەن ئىكەنمىز، بۇ خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىپ، بالىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، بالىنى ئۆز قىلمىشىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز، يول كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئاتا- ئانىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ تىكلىنىشىدە ئۆزىدىكى ئامىل ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، ئۈلگىلىك رولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى، ساپاسى ياخشى بولسا، ئۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتى، ئىناۋىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلار ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى تىكلەش



ئۈچۈن ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشى، بالىلار ئالدىدا جېدەل - ماجىرا قىلماسلىقى، بالىلارغا سىلىق، سەمىمىي، ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى بالىلار ئالدىدا بويىنىغا ئېلىشى، بالىلارنىڭ تەنقىد قىلىشىغا يول قويۇشى، تۈزىتىشى كېرەك. ئەخلاقىي جەھەتتە بالىلارغا باشلامچى ۋە ئۈلگە بولۇشى، بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي تەربىيىدە قائىدە سۆزلەش بىلەن ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قويغان كونكرېت تەلەپلىرىدە بىرلىك بولۇشى لازىم. تەلەپنىڭ بىردەك بولۇشى بالىلارنىڭ ياخشى ئەخلاق- پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىدە، ئەخلاق جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا- ئانىلار ۋە باشقائائىلە ئەزالىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىلاردا ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت ئەڭ گۈزەل ئىنسانىي خىسلەت بولۇشى كېرەك. ئاتا- ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولغان بىر ئائىلىنى ئىللىق ماكانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاتىدا ۋاپا بولمىسا، ئانىنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىيدۇ. ئانىدا ۋاپا بولمىسا، ئاتىنىڭ بېشى يەرگە قارايدۇ. بالىلار ۋاپاسىز بولسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ دىلى غەش بولىدۇ. ئائىلىسىگە، ئايالى ۋە بالىلىرىغا ۋاپادار بولغان ئاتا پۈتۈن بىر قوۋمغا ھەتتا پۈتۈن مىللەتكە ۋاپادار-

لىق قىلالايدۇ. ئۇلۇغ تىل سەنئەتكارى، شائىر ئەلىشىر ناۋائى: «ۋاپا — ساداقەت دېگەن نەرسە ئادەمنىڭ قېنىدا بولمىسا، ئۇنى تەربىيىلەش بىلەن يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. ۋاپا — ساداقەت ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي خىسلىتىدۇر. ۋاپا بىلەن ساداقەت قاش بىلەن كۆزدەك يېقىن بىللە تۇرىدىغان، بىللە مەۋجۇت بولىدىغان پەزىلەتتۇر» دېگەنىدى.

تارىخىمىزدا ئۆتكەن «غېرىب - سەنەم»، «پەرھات - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «ۋامۇق- ھۇزرا»؛ كېيىنكىلەردىن «رابىئە- سەئدىن»، «نۇزۇم - غۇنچەم» لار ئوتتۇرىسىدىكى چىن، سەمىمىي مۇھەببەت نوقۇل ھالدىكى بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈش ئۈستىگە قۇرۇلغان ساپ - سەمىمىي مۇھەببەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا چىن ۋاپادارلىق، سەمىمىي ساداقەت، كۆيۈمچانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتتۇر. بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئەنە ئاشۇنداق ۋاپادار ئاتىلارغا موھتاج. ئاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەڭگۈ تاش دەۋرىدىن تارتىپ ئاجايىپ ۋاپادار، ساداقەتمەن ئاتىلار ئۆتكەن. بۇ ئاتىلاردا مۇنداق بىرنەچچە خىل پەزىلەت بولغان:

1) قەيسەرلىك، مەردلىك، جەڭگىۋارلىق، قوۋم، مىللەت، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان خىسلەت. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇزخان قوۋمىغا خەۋپ كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان «قىئات» دېگەن ۋەھشىي ھايۋاننى



يوقىتىپ، خەلققە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان. ئۆز قوۋمىنى باشقا قوۋملەرنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىپ، خەلققە بەخت - سائادەت ياراتقان.

2) كۆپنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرىدىغان خىسلەت. «پەرھات - شېرىن» داستانىدىكى پەرھاتنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ھەم ئەلەمدە، ھەم قەلەمدە ماھىر بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن قانائەت تاپماي، ئۇنى ئوردا خەزىنىسىگە كىرگۈزىدۇ. پەرھات جاھاننامە ئەينىكىدىن شېرىننى كۆرۈپ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قەدەم قويۇپ جاھاننى كېزىپ، جاپا - مۇشەققەتتە چېنىقىپ، بوستۇن تېغىنى يېرىپ، ئەلگە سۇ كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئوغلانىغا ئايلانغان. دېمەك، پەرھاتنىڭ ئاتىسى كۆپنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرىدىغان، پەرزەنتلىرىنى مۇستەقىل ياشاشقا، ياشىغاندىمۇ ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشقا ئۆگىتىدىغان ۋاپادار، ساداقەتمەن ئاتىدۇر.

3) ئاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئاتا ئائىلىگە نۇر بەرگۈچى، مانا بۇ ئاتىدىكى نۇر، يورۇقلۇق بېرىش خىسلىتى.

4) ئاتا ھامان يول كۆرسەتكۈچى، ئاتا - ئائىلىنى باشقۇرغۇچى. ئۇ بالىلىرىغا توغرا يول، توغرا نىشان كۆرسەتكۈچى. شۇڭا، ئاتىلار ۋاپادار، ساداقەتمەن، شۇنداقلا ئانىلارنى ھىمايە قىلىدىغان، ئائىلىسىنى ھىمايە قىلىدىغان، قوغدايدىغان، بالىلىرىغا مەسئۇلىيەت، بۇرچ، كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق، ساداقەتنى ئۆگىتىدىغان ھەقىقىي ئەر-

كەك بولۇشى، بالىلارنى مۇستەقىل ياشاشقا ئۆگىتىشى كېرەك. ئانا كەپتەر تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇنى باسۇرۇپ، باچكىسى ئۇچۇرما بولغاندا دادا كەپتەر باچكىنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل هايات كەچۈرۈشىگە هەيدەيدىكەن. ئەگەر باچكا يەنىلا ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئانىسىدىن ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلسا، دادا كەپتەر باچكىنى چوقۇپ سىرتقا هەيدەيدىكەن. مانا بۇ كەپتەرلەردىكى ئۆز بالىلىرىغا مۇستەقىل ياشاش تەربىيىسىنى بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارمۇ بالىلارغا قارىتا كۆيۈنۈش بىلەن تەلەپنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلاردا مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشقا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم. ئاتىلار ئايالى، بالىلىرى، ئائىلىسىگە هەقىقىي ۋاپادار، سادىق، كۆيۈمچان، مېهىر - مۇهەببەتلىك بولۇشى كېرەك.

مۇهەببەت — ۋاپادارلىق، ساداقەت، سۆيگۈ ۋە كۆيۈمدىن ئىبارەت. ئىنسانلاردا بولىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روهى ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە بولغان ۋاپا، ساداقەت، كۆيۈم، مېهىر - مۇهەببىتىدىن شەكىللىنىدۇ. ئائىلە مۇهەببىتى ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىنىڭ ئاساسىدۇر. ئائىلە — پەرزەنتنىڭ گۈزەل جەننىتى. مېهىر - شەپقەت ۋاپا، ساداقەت، كۆيۈنۈشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىنىدىغان ماكاندۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئائىلىگە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق بالىلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۆگىتىشى لازىم. ئاتا - ئانىلار، بولۇپمۇ ئاتىلار مۇشۇنداق



تەلەپلەرنىڭ هۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە جارى قىلالىغاندىلا، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلار قەلبىدىكى ياخشى ئوبرازى تىكلىنىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار قولىدا تەربىيىلەنگەن بالا گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىك هەم ئەقىللىق بولۇپ ئۆسىدۇ.

## ياخشى ئاتا - ئانا بولۇش

كونىلار: «بىر دەرەخنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنسا، بىر ئادەمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 100 يىل ۋاقىت كېتىدۇ» دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتقان. بىر پەرزەنتنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەهەتتىن ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى، كەلگۈسىدە يارامل ىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۇنىڭ تۇنجى «مەكتىپى» بولغان، ئائىلىسىگە ۋە بالىنىڭ تۇنجى «ئوقۇتقۇچى»سى بولغان ئاتا- ئانىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسى ۋە ساپاسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەهەتلەردىن دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق، ئەتراپلىق يېتىلگەن، يۇقىرى ساپالىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىدا ئاتا - ئانا، ئۇستاز ۋە بالىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ماسلىشىشى ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن، بالىنىڭ دەسلەپكى ئالتە يىللىق هايات مۇساپىسىدىكى ئائىلىدە تەربىيىلىنىشىدە ئاتا - ئانىنىڭ، بولۇپمۇ ئانىنىڭ رولى ئىنتا-

يىن چوڭ. باللار دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئاتا ـ
ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھتىنى ئىمكان-
قەدەر ياخشىلىشى ۋە ئۆزئارا يول قويۇش، ئىشىنىش،
ئېتىراپ قىلىش روھىغا باي، بىخەتەر تۇرمۇش مۇھىتىغا
ئىگە قىلىشى لازىم. بۇنداق ياخشى مۇھىت ساپ، سەمى-
مىي، ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇستىگە قۇرۇلغان ئائىلىدە
مەيدانغا كېلىدۇ.

تۆۋەندە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2004-
يىللىق 19- ئىيۇل سانىغا بېسىلغان «ئاتا ـ ئانا بولماق
ئاسان، ئۇلۇغ ئاتا ـ ئانا بولماق قىيىن» دېگەن ماقالىنى
ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن:

باللىرىمىز— بىزنىڭ قېرىلىقىمىز، ياخشى تەربىيە
بىزنىڭ بەختلىك قېرىلىقىمىز، يامان تەربىيە— بولغۇسى
غەم ـ ئەلەملىرىمىز، كۆز ياشلىرىمىز، پۈتۈن خەلق ئالدى-
دىكى ئەيىبىمىز دېمەكتۇر. دەرۋەقە، پەرزەنتلەرنىڭ يا-
راملىق ياكى يارامسىز بولۇپ چىقىشىنى ئەڭ ئالدى بىلەن
ئائىلىدىن ئىبارەت تۇنجى «مەكتەپ» تىن سوراشقا توغرا
كېلىدۇ. بۇ «مەكتەپ» تىكى «ئوقۇتقۇچى» نىڭ تەربىيە-
لىگەن ئوقۇغۇچىسى باشقا ئاتا ـ ئانىلارنى سۆيۈندۈرەلىسە،
ئۇلار مەنمۇ بالىنى مۇشۇ «ئوقۇتقۇچى» دەك تەربىيىلىسەم
بولغۇدەك دېسە، بۇ «مەكتەپ» ھەقىقىي لاياقەتلىك، پەر-
زەنتلەرگە مۇستەھكەم ئۇل سالغان تۇنجى «تەربىيە بۆشۈ-
كى» بولالايدۇ. ئەكسىچە، بالىنى تۇغۇپ قويۇپلا خۇددى
قوزىسىنى تاشلىۋەتكەن قويلاردەك «قۇيرۇقى» نى خادا



قىلسا، «ئوقۇتقۇچى» تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولغان بۇ
باللار «قوتان» سىرتىدىكى «قوزا» دەك چوڭ بولغانسېرى
«مۈڭگۈزلىرى» زىيادە ئۆسۈپ، ئۇدۇل كەلگەننى ئۈسۈدى-
غان، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ يىراققا قاچىدىغان، ئې-
گىسىگە لەنەت ئوقۇيدىغان ئەھۋالغا دۇچار بولسا، ئاقىۋەت
ئۇ چاغدىكى ئاچچىقنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟ ئەلۋەتتە، ئاتا-
ئانا بولماق ئاسان، ھەقىقىي ئاتا- ئانا بولماق قىيىن.

بۇ قېتىمقى يۇرتقا بېرىش سەپىرىمدە بىز ئولتۇرغان
ۋاگوندا ھەمسۆھبەت بولغۇدەك سەپەرداشلار خېلى كۆپ
ئىدى. بىز ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ، ھال ـ مۇڭ
قىلىشتۇق. قىزىمىنىڭ يېڭىلا ئايىغى چىققاچقا، يەرگە چۈ-
شۈپ ماڭىمەن، دەپ مېنى پەقەتلا ئولتۇرغۇزمىدى. مې-
نىڭ ھېرىپ قالغىنىمنى كۆرگەن بىر ئەر سەپەردىشىم
شارپامنى قىزىمنىڭ بېلىگە ئەپلىك تاڭدى ـ دە، شارپىنىڭ
ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ، ۋاگون ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا
ماڭدۇرۇپ ئويناتتى. مەن ئىختىيارسىز:

— ئەجەب پەمىڭىز باركەن، — دېدىم. ئۇ بىزمۇ
ئىككى بالىنىڭ دادىسى تۇرساق، بۇنچىلىك ئىشنى بىلمى-
سەك قانداق بولىدۇ؟ باللىرىمنى ئايالىم بىلەن تەڭ دېگۈ-
دەك باققانمەن، — دېدى.

يېنىمدا ئولتۇرغان قەشقەردىن جېڭجۇغا تىجارەت قىل-
غىلى ماڭغان يەنە بىر سەپەرداشىمىز گېپىمىزگە قۇلاق
سالغاچ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— بىزنىڭغۇ بۇنداق ئىشلارغا پەقەتلا ئېپىمىز يوق.

ئاي - يىللاپ باللار بىلەن بىرەر - يېرىم دەم ئويناپ قويمايمىز. چۈنكى، بالا دېگەننى ئايال كىشى باقىدۇ - دە، ئۇلارنى بالا باقارمىكىن، كىر قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، تامىقىمىزنى ئېتەرمىكىن، دەپ ئالمىساق ...— دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھېلىقى سەپەرداشىمىز:

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى، ئاداش، بالا تەربىيىسىدە دادىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى مۇھىم، — دېدى.

بىردەمدىلا بۇ گەپ بىز ئۈچۈن يېڭى بىر مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى. ئەتراپىمىزدىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن:

— دادىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ھەقىقەتەن مۇھىم. بۇ پەقەت ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش، ئائىلىگە تۈۋرۈك بولۇش جەھەتلەردىلا ئىپادىلەنمەيدۇ. دادىنىڭ مېھرىمۇ ئانىنىڭ مېھرىگە ئوخشاشلا بالا ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئوزۇق ۋە تۈۋرۈك. بەزى ئوغۇللارنىڭ قىز بالا مىجەز بولۇپ قېلىشى دادا مېھرىنىڭ كەملىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دادا ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، مۇئامىلىسى، مېھىر- مۇھەببىتى ئارقىلىق بالا قەلبىگە تەبىئىي ھالدا تۈرلۈك خۇلقلارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئوغۇل پەرزەنتلەر دادىدىن ئەركەكلىك، باتۇرلۇق، مەردلىككە ئوخشاش مىجەز - خۇلقلارنى سىڭدۈرىدۇ. قىزلار بولسا دادىلىرىدىن جاسارەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشنى ئۆگىنىدۇ...

تۇشمۇتۇشتىن بولۇۋاتقان بۇ گەپلەر، ھېلىقى سەپەرداشىمىزنى ئويلاندۇرۇپ قويدىمۇ - قانداق، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى. مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم. بەزى



دادىلارغا ئوخشاش تالا ئىشى مەندىن، ئۆي ئىشى سەندىن دەپ، بىر ئائىلىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەر - ئاياللىق ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويۇۋالغان، «بازارلاشقان» بىر قىسىم دادىلار ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئەنە شۇنداق «پېشىنى قېقىپلا» ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، بۇ ئۆي نېمىگە ئوخشاپ قالار؟ بەئەينى ئۇل سالمىغان بىنادەك، تۈۋرۈكى يوق كەپىدەك بولۇپ قالمامدۇ؟ بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئانىلار تولغاق ئازابىدا بىر ئۆلۈپ بىر تىرىلگەچكىمۇ تۇرمۇشتىكى باشقا «تولغاق»لارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن. تۇرمۇشتىكى تۈگىمەيدىغان ھەر قىسما ئاچچىق «تولغاق»لارنىڭ سىنىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە ھەمەدەمدە بولىدىغان بالىنىڭ دادىسى يېنىدا بولۇپ مەدەت ۋە تەسەللىي بېرەلىسە، ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئەلۋەتتە. گەرچە بۇ دادىلار ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىنى لايىقىدا قامداشنى ئۇنتۇمايدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋايىسماي تىرىشىپ - تىرمىشىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىل «كۆڭۈل گادايلىقى» پەرزەنتلىرىمىزدە پسىخىك كەمتۈكلۈكنى پەيدا قىلىدۇ.

مېنى بىردىنلا ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، دەسلەپتە «بالا دېگەننى ئايال كىشى باقمىسا، كىم باقىدۇ» دەپ مەغرۇر قىياپەتتە سۆزلىگەن ھېلىقى سەپەرداشىمىز قىزىمنىڭ ئويلىمىغاندا ئۇنى «دادا... دا...دا» دەپ چاقىرىشى بىلەن تېخىمۇ بوشاپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئېلىپ مۇنۇلارنى دەپ سالدى:

ئاي - يىللاپ بالىلار بىلەن بىرەر - يېرىم دەم ئويناپ
قويمايمىز. چۈنكى، بالا دېگەننى ئايال كىشى باقىدۇ - دە،
ئۇلارنى بالا باقارمىكىن، كىر قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، تامى-
قىمىزنى ئېتەرمىكىن، دەپ ئالمىساق ...— دېدى. ئۇنىڭ
بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھېلىقى سەپەردىشىمىز:
— بۇ دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى، ئاداش، بالا تەربى-
يىسىدە دادىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى مۇھىم، — دېدى.
بىردەمدىلا بۇ گەپ بىز ئۈچۈن يېڭى بىر مۇنازىرە
تېمىسى بولۇپ قالدى. ئەتراپىمىزدىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن:
— دادىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ھەقىقەتەن مۇھىم. بۇ
پەقەت ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش، ئائىلىگە تۈۋرۈك
بولۇش جەھەتلەردىلا ئىپادىلەنمەيدۇ. دادىنىڭ مېھرىمۇ ئا-
نىنىڭ مېھرىگە ئوخشاشلا بالا ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان
روھىي ئوزۇق ۋە تۈۋرۈك. بەزى ئوغۇللارنىڭ قىز بالا
مىجەز بولۇپ قېلىشى دادا مېھرىنىڭ كەملىكىنى ئىپادىلەي-
دۇ. دادا ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، مۇئامىلىسى، مې-
ھىر- مۇھەببىتى ئارقىلىق بالا قەلبىگە تەبىئىي ھالدا تۆر-
لۈك خۇلقلارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئوغۇل پەرزەنتلەر
دادىدىن ئەركەكلىك، باتۇرلۇق، مەردلىككە ئوخشاش مى-
جەز - خۇلقلارنى سىڭدۈرىدۇ. قىزلار بولسا دادىلىرىدىن
جاسارەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشنى ئۆگىنىدۇ...
تۇشمۇتۇشتىن بولۇۋاتقان بۇ گەپلەر، ھېلىقى سەپەر-
دىشىمىزنى ئويلاندۇرۇپ قويدىمۇ - قانداق، لام - جىم
دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى. مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم. بەزى



دادىلارغا ئوخشاش تالا ئىشى مەندىن، ئۆي ئىشى سەندىن
دەپ، بىر ئائىلىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەر - ئاياللىق ئىش
تەقسىماتىنى يولغا قويۇۋالغان، «بازارلاشقان» بىر قىسىم
دادىلار ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئەنە
شۇنداق «پېشىنى قېقىپلا» ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، بۇ ئۆي
نېمىگە ئوخشاپ قالار؟ بەئەينى ئۇل سالمىغان بىنادەك،
تۈۋرۈكى يوق كەپىدەك بولۇپ قالمامدۇ؟ بەزىلەرنىڭ دېيى-
شىچە، ئانىلار «تولغاق ئازابىدا بىر ئۆلۈپ بىر تىرىلگەچكى-
مۇ تۇرمۇشتىكى باشقا «تولغاق» لارغىمۇ بەرداشلىق بېرە-
لەيدىكەن. تۇرمۇشتىكى تۈگىمەيدىغان ھەر قىسما ئاچچىق
«تولغاق» لارنىڭ سىنىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە ھەم-
دەمدە بولىدىغان بالىنىڭ دادىسى يېنىدا بولۇپ مەدەت ۋە
تەسەللىي بېرەلىسە، ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئەل-
ۋەتتە. گەرچە بۇ دادىلار ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىنى لايىقىدا
قامداشنى ئۇنتۇمايدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋايىسماي تىرى-
شىپ - تىرمىشىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىل
«كۆڭۈل گادايلىقى» پەرزەنتلىرىمىزدە پىسخىك كەمتۈك-
لۈكنى پەيدا قىلىدۇ.
مېنى بىردىنلا ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى،
دەسلەپتە «بالا دېگەننى ئايال كىشى باقمىسا، كىم باقىدۇ»
دەپ مەغرۇر قىياپەتتە سۆزلىگەن ھېلىقى سەپەردىشىمىز
قىزىمنىڭ ئويلىمىغاندا ئۇنى «دادا... دا... دا» دەپ چاقىرى-
شى بىلەن تېخىمۇ بوشاپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئې-
لىپ مۇنۇلارنى دەپ سالدى:

— مەن بۇياقتا ماڭغاندا ئىككى ياشلىق بالام «دادا، دادا» دەپ ئەگىشىپلا قالغان، «ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەندەك بىزدەك سەرگەندارلارنىڭ دەردىنى يەنىلا مېنىڭدەك قۇچاقتىكى بالىنى، مېھرىبان ئايالىنى تاشلاپ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە شەھەرمۇشەھەر «قارماق» تاشلىغان «بېلىقچىلار» بىلىدۇ. چوڭ سۆزلىگىنىمىز بىلەن دەردىمىز ئىچىمىزدە. بالىمىزنى ياخشىراق تەربىيىگە ئىگە قىلىۋالساق، بىزدىن ياخشى كۈن كۆرەرمىكىن، دەپ تۇغۇلۇشىدىلا ئۇلارنى ئانىسىغا تاشلاپ قويۇپ بىر چىقىپ كەتسەك، قايتىپ كەلگىنىمىزدە بالا چوپ - چوڭلار بولۇپ قالغان، تېخى دادىسىنىمۇ تونۇمايۋاتقان. بىرنەچچە ۋاقىت بىللە تۇرۇپ، ئەمدى بالا بىلەن كۆنۈشۈپ قالغاندا، بالىنىڭ «دادا - دادا» دەپ ئەگەشكىنىگە قارىماي، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۈچۈن يەنە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان. سودا قىلماي ئۆيدە ئولتۇرغاچ يەر تېرىي دېسە، ئىككى - ئۈچ مو يەردىن ئۈچ - تۆت جان تويغۇدەك ئاشلىق چىقماي، «ئېشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە» دېگەندەك، يەردىن چىقىدىغان «نان» ئېغىزغا كەلگۈچە، پاتاڭغا ئارتىلىدىغان قەرز ھاردۇرۇپ قويۇۋاتقان. شۇڭىمۇ «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە» دەپلا ئىلاجسىز پەرزەنت مېھرىدىن كېچىپ، شەھەرمۇشەھەر ئەنە شۇنداق «قارماق» تاشلاپ يۈرىمىز…

سەپەردىشىمنىڭ بۇ گەپلىرى ئەمدىلىكتە بىزنى سۈكۈت ئىچىدە قويدى. ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىمىزمۇ كۆڭلىمىزدە: «دەرۋەقە، بۇ دادىلارغىمۇ نېمە ئامال؟» دېگەن سوئال بىلەن يەكۈنلەندى.



لاياقەتلىك دادا بولاي دېسىمۇ، ۋاقتى، ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمەيۋاتقان، يەنىلا ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇلۇغ دادا بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان دادىلارمۇ بار. «ھەركىم ھەر غەمدە» دېگەندەك، رېستوراننىڭ ئايرىم خانىلىرىدىكى «رەڭلىك» ئۈستەلنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقان دادىلارمۇ، «بۇ كىيىمنى ئالدىنقى چايدا كىيىپ بولغان، ئەمدى بۇ چايغا نېمىنى كىيەرمەن» دەپ ئىقتىسادىغا قارىماي «دۆۋە - دۆۋە» كىيىمنىڭ ئارىسىدىكى «جەڭدە» يۈرۈۋاتقان ئانىلارمۇ بار. «ئەتىۋارلىق» بالىلار بولسا، يەنىلا شۇ دائىملىق ئەمەكلىرى بولغان ئويۇنچۇق دۆۋىلىرى ئارىسىدا يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرغان ياكى ئاشۇنداق «زەھەرلىنىدىغان» ھەر قىسما سورۇنلاردا تەمتىرەپ، ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ يۈرۈۋاتقان… دەرۋەقە، ھەربىر ئاتا - ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئۆزلىرىدە يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى دەڭسەپ كۆرسە، بولۇپ قالسا ئۆزلىرىنى «تازىلىۋەتسە» ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

دېمەك، شۇنى چۈشىنىشكە كېرەككى، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ئاتا - ئانىدىن ئالالمىغان تەربىيىنى ھېچقانداق بىر كىشىدىن پۇلغىمۇ سېتىۋالالمايدۇ. ئاتىلار ئاتىلىق بۇرچىنى، ئانىلار ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائىلە ھەقىقىي گۈزەل، ئىللىق ماكانغا،

بالىلار يارامىلىق ئىز باسارلارغا ئايلىنىدۇ. ئاتىلار كۆيۈم-
چان، ئانىلار مېھرىبان، بالىلار تىرىشچان بولسا، ئائىلە
ھەقىقىي جەننەتكە ئوخشايدۇ.

## ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇل-
يىتى پەرزەنت تەربىيىسىنى بالا قورساقتىكى ۋاقتىدىن
باشلاش. ئەڭ مۇھىمى پەرزەنتلىرىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە
ئاساسەن ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەڭ
ئەتراپلىق يېتىلگەن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇر-
بان قىلىشتىن يانمايدىغان، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىزبا-
سارىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئالتە
يىللىق ھايات مۇساپىسىدىكى تۇغما قابىلىيىتىنى ۋاقتىدا
بايقاپ، بۇ ئىقتىدارنى مۇۋاپىق يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش-
تىن ئىبارەت.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن
«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 5- سانىغا
بېسىلغان ئارزۇگۈل روزىنىڭ «ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئالدى-
دىكى مەسئۇلىيىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە
سۇنىمەن:

ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي
جەھەتلەردىن دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق، ئەتراپلىق يېتىل-



گەن، ساپالىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىدا ئاتا-
ئانا، ئۇستاز ۋە بالىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ
ماسلىشىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

دۇنيادىكى ھەرقانداق پەرزەنت ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە
تەربىيىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىل ئىچىدە ئۆسۈپ
يېتىلىدۇ. شۇڭا، ئانىلار دەسلەپكى تەربىيىنى بالىنىڭ
ھامىلە ۋاقتىدىن باشلىشى، ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى
ئۈچۈن فىزىئولوگىيە جەھەتتە ساغلام، مەنىۋى جەھەتتە
غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان ۋە مەدەنىيەتلىك بو-
لۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا بالىنىڭ
ئىرسىيەت ئامىلىغا قوبۇلىدىغان تەلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئورۇندالغان بولىدۇ.

بالا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئانا ئۆز پەرزەنتى-
نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتىنى ئىمكانقەدەر ياخشىلاشقا،
بالىنى ياخشى ۋە گۈزەل مۇھىتتا تەربىيىلەشكە ئالاھىدە
دىققەت قىلىشى لازىم. بالىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق
دەۋرى ئۇلارنىڭ ئۆسۈۋاتقان، ئەخلاق - پەزىلىتى يېتىلى-
ۋاتقان، پسىخىكىسى شەكىللىنىۋاتقان ئەڭ ياخشى ۋە مۇ-
ھىم بىر دەۋردۇر. شۇڭا، بالىلار ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا
پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پېداگوگىكا ۋە ئوزۇقلۇق
ئىلمى قاتارلىق بىلىملەرگە ئىنتايىن موھتاج. ئانىلار بۇ
ھەقتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە
بالىلارنى ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ بىلىملەردىن خەۋەر-
دار قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. جۈملىدىن ئاتا - ئانىلار

ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەربىر ئىشتا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە يارىتىشى لازىم. بالىلىق دەۋردە بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، دۇنيانى، شەيئىلەرنى چۈشىنىش دەۋرى. بۇ دەۋردە بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىش قىزغىنلىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھەرقانداق قىزىقىشقا قارىغاندا قىزغىن ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ھەقتە XIX ئەسىردە ئۆتكەن روسىيىلىك مائارىپشۇناس ئۇشىنسكى (1823 — 1870) «ئادەمنىڭ مىجەز- خۇلقى ئاساسەن بالىلىق دەۋردە شەكىللىنىدۇ. ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى ئىچىدە بالىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگىنى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك بولىدۇ، شۇنداقلا ئادەمىنىڭ ئىككىنچى بىر تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ» دېگەنىدى.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئاڭلاش، كۆپ ئويلاش، كۆپ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1) بالىلارنىڭ سورىغان ھەرقانداق سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى قىزىقىشلىرىدىن بىزار بولماسلىق؛

2) يېڭىچە ئويۇنلارنى تېپىپ ئوينىغاندا ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش؛

3) ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنى ئۆگىتىش، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش؛



4) يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش؛

5) بالىنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردە ئىلھام بېرىش؛

6) بالىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغان چاغلاردا ئۆگىنىشكە زورلىماسلىق؛

7) بالىلارنى تېتىك، روھلۇق، ساغلام يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ دەم ئالدۇرۇش ۋە گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ ئىلھاملاندۇرۇش؛

8) بالىلارنىڭ پەننىي بىلىم سەۋىيىسىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان «مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە ھېكايىلار»، «زېھىن سىناش مۇسابىقىسى»، «تەنھەرىكەت پروگراممىسى» قاتارلىقلارنى كۆرۈشكە تەشكىللەش، ئانا باشلامچى بولۇپ بالىلىرىغا ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن خەت ئۆگىتىش، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛

9) بالىلارنى قانۇن - ئىنتىزام بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، قانۇن كۆزقارىشىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا جىنايەت سادىر قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

10) ئاتا - ئانىلار بالىلارغا نىسبەتەن تەلەپچان بولۇش بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىلىق مېھرى بىلەن تەربىيىلەشنى

ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، قوپال ئۇسۇللارنى قوللانماسلىق كېرەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، گۈزەل روھىي دۇنياسى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى، سۆيەتلىك تۇغۇپ، سۆيەتلىك تەربىيىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئالدىدىكى يۈكسەك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم.

## ئاتا - ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەر

مىللەتنىڭ ھەربىر بوغۇنىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەر ئاساسلىقى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەر - خوتۇن (ئاتا - ئانا) گەۋدىسىدىكى ئىللەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئىمېرسون: «تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بايلىق ئەمەس، بەلكى شۇ ئۆلكە باغرىدا تەلىم ئالغان ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېسە، چېرنىشۋېسكى: «مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېگەنىدى. نادانلىق مەيلى ئائىلە ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن، ئەڭ ئېغىر ئىللەت ۋە پاجىئەلىك كۈلپەتتۇر.

بالىلار تەربىيىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاتا - ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇ ئىللەتلەر:



1) تەلەپ كۆپ، غەمخورلۇق ئاز بولۇش ئىللىتىدۇر.

2) ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىش كۆپ، روھىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز، يەنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئائىلىگە غەمخورلۇق قىلىش كۆپ، ئايالغا كۆيۈنۈش، ئايالنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، سىردىشىش ئاز بولۇش. بۇ «ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمىسىلىك ئىللىتى» دۇر، يەنى «مەنىۋى شىپاخانا بولالماسلىق ئىللىتى» دۇر.

3) ئائىلە سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلە ئىچى مۇلازىمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش. بۇ «ئائىلە چىرىغىنىڭ مايسىراپ قېلىش ئىللىتى» دۇر.

4) ئەر - ئايال ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلىدە باشقا ئەزالار، پەرزەنتلەر تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، روھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش ئىللىتىدۇر.

5) يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى مەنىۋى تۈزۈلمىسىنى بېيىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش. بۇ «ئائىلىنى قۇرۇق باراڭ قىلىش ئىللىتى» دۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىگە چات كىرىۋېلىش، ھەممىدە ئۆزىنى چەتكە تارتىۋېلىش، پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكنى بىر تەرەپكە ئارتىپ قويۇش، ئاساسسىز كۈنداشلىق قىلىش،

ئايالىدىن زېرىكىش، تولا خوتۇن يەڭگۈشلەپ پەرزەنتلەرنى
يېتىم قالدۇرۇش... قاتارلىقلار.

مۇھەببەت جاننى ۋە قەلبنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇ-
دىغان ئۇلۇغ جەرياندۇر. ئەر - ئايالنىڭ يۇقىرىقىدەك
ئەسەبىيلىكىدە، ئەسەبىيلىك قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قارشى تە-
رەپ قەلبىدىكى ئېھتىراملىق ئورنىغا ئوت قويۇپ، ئۆز
جېنىنى ئۆز غەزىپىدە ئۆلتۈرىدۇ. ھاقارەتلەنگۈچى ئۆز
ھاياتىنىڭ پاجىئەلىرىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.

تاتار ئالىمى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىدىن: «ئەرنىڭ
پېقىر - گادايلىقى ئۇنىڭ نۇقسانى ئەمەس، ئەرنىڭ بايلىقى-
مۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەت ئەمەس. ھۇرۇنلۇق، هاراقكەش-
لىك ۋە سەلبىي خۇلق ئەرنىڭ پاجىئەلىك ئىللەت نۇقسانى
ھېسابلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، دۈشمەنىنىڭ سۆزلىرىگە
ئەر چىدىسىمۇ، بۇ خىل سۆزنى ئۆز خوتۇنىدىن ئاڭلاشقا
بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خوتۇنىنىڭ ئۆز ئېرىنى مەسخىرە
قىلىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتۇر. تەربىيىلىك خوتۇن باشقا خو-
تۇنلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مەنسەپ، بايلىقى، كىيىم-كېچەك،
زىبۇ زىننەتلىرىگە يەڭگىلتەك خوتۇنلاردەك ھەۋەس قىلىپ
ئۆز ئېرىنى ئازابلىمايدۇ» دېگەنىدى. قىسقىسى ھەقىقىي
چىن ئادىمىيلىككە ئىگە ئەر - خوتۇن ئۆز ھەمراھىنىڭ
كەسپىي قىزىقىشى، ئىجادىيىتىگە يېقىندىن، ھەمكارلاش-
قان ئەقىللىق، كۆيۈمچان، مەدەنىيەتلىك ئەر - خوتۇنلار-
دۇر.

## پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇش توغرىسىدا

ئىسىم — پەرزەنتنىڭ نامنىشەرىپى، بەلگىسى، باشقى-



لاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ
بىرىدۇر. پەرزەنت ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇشتىدىن تامغان، ئانى-
دىن تۆرەلگەن ئىنسان بالىسىدۇر. ئۇنىڭدا ئاتىسىنىڭ ھەم
ئانىسىنىڭ قېنى بار. پەرزەنت ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆزى، يۈرەك
پارىسى، ئائىلىسىنىڭ، مىللەتنىڭ، كېلىچەكىنىڭ ئۈمىدى.
شۇڭا، پەرزەنتكە ئىسىم قويۇشتا ئالاھىدە باش قاتۇرماي
بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار پەرزەنت ئانا قارنىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز
ئاچقان مىنۇتتىن تارتىپ ئۈچ كۈنگىچە پەرزەنتنىڭ يەنى
يېڭى مېھماننىڭ ئىسمىنىڭ قانداق قويۇلۇشى ھەققىدە باش
قاتۇرۇشىدۇ، مەسلىھەتلىشىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر
پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ئالاھىدە ئىسىم قويۇش يىغىلى-
شى ئۆتكۈزۈپ، مەھەللە چوڭلىرىدىن بىر قانچىنى مېھمان-
غا چاقىرىپ ئىسىم قويىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشى-
لەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدى-
غان ۋاسىتە. ئىسىمنى قانداق قويۇش زامانىۋىلىششقا،
دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىۋاتقان مىللەت ئۈچۈن ئىنتا-
يىن مۇھىم. ئىسىم ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشىلەر-
نى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى شۇ
كىشىنىڭ يىلتىزى، ئەجدادى ۋە ئەۋلادىنى بىلىشنىڭ مۇ-
ھىم ۋاسىتىسى بولۇشتىن تاشقىرى، ئەجدادنى، نەسەبنى
ئەۋلادقا ئۇلايدىغان مۇستەھكەم پولاتتەك ئارقان.

پەرزەنتلەرگە ئۆزگىچە، چىرايلىق، مەنىلىك، مۇۋا-

پىق ئىسىم قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مەدەنىيەت. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ياخشى تاللىنىشى، توغرا ئاتىلىشى، خاسلىققا ئىگە بولۇشى ۋە ساپلىقى، بىر مىللەت ۋە مەلۇم بىر جاي مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ، مەنىۋى تۇرمۇشى، تارىخى، نەسەبى، ئەجدادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەم خاسلىققا، ھەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە پىسخىك خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن كىشى ئىسىملىرىغا، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن مەنىگە ئېتىبار بەرگەن.

«ئىسىم» ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە «ئات» دېيىلىدۇ. «فامىلە» لاتىنچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن. ئۇيغۇرچە «تەگ ئات» دېيىلىدۇ. «لەقەم» — چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «لەقەب» ئاتالغۇسىنىڭ جانلىق تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ئۆزلەشكەن شەكلى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۇنى جانلىق تىلدىن قوبۇل قىلغان. «تەخەللۇس» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئاخىرلاشتۇرماق، خۇلاسىلىمەك» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم» ۋە تەخەللۇس» لار بىر شەخسنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان كىملىك بەلگىسى. ئۇ كىشىلىك ھاياتتا خۇسۇسەن



ئىجتىمائىي ئالاقىدە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتىدۇر.

«ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» گەچە كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان «ئات»، «بەلگە» سۈپىتىدە خىزمەت قىلغىنى بىلەن، پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، ئەسلىي ئىستېمالىدىكى قوللىنىش قائىدىلىرى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

1) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» ئوخشاشلا بىر ئادەمنى ئىككىنچى بىر ئادەمدىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە. «ئىسىم» كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە بولسا، «فامىلە» ۋە «لەقەم» نۇرغۇن ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى ئۆزئارا ئايرىشتىكى مۇھىم بەلگە. «تەخەللۇس» بولسا ئوخشاش ئىسىملىك يازغۇچى - شائىرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە.

2) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» روشەن تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە خاس ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن.

3) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى، فامىلىسى، لەقىمى ۋە تەخەللۇسىمۇ ئۆزىگە خاس

مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

4) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم، فامىلە، لەقەم، تەخەللۇسىدا شۇ دەۋرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى، دەۋر مەزمۇنى ئەكس ئەتكەن.

5) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇلار بىر مىللەتنىڭ ئائىلە، نىكاھ تۈزۈمى، دىنىي ئېتىقادى، پسىخىكىسى، تۇرمۇشى، ئەخلاق قارىشى ۋە تىل ئادىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەمدە ئۇلارنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.

6) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» بەلگىلىك ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئۇلار ھەم خاسلىققا، ھەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

7) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» ماكان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئوخشىمىغان مۇھىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى، فامىلىسى، لەقىمى ۋە تەخەللۇسىدا ئۆزى ياشىغان ماكانغا خاس ئۆزگىچىلىكلەر ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەرقلىرى:

1) پەيدا بولۇش تارىخى ئوخشاش ئەمەس.

2) تىزىلىش تەرتىپى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا ئىسىم بۇرۇن، فامىلە، لەقەم، تەخەللۇس كېيىن يېزىلىدۇ.



3) قوللىنىش دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس. ئىسىم كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. فامىلە تار دائىرىدىرەك قوللىنىلىدۇ. «لەقەم» قانداشلىق مۇناسىۋەت تۈپەيلى ئەجدادلىرىدىن بالىغا قالىدۇ. بىراق، ھەممە كىشىنىڭ لەقىمى بولۇشى ناتايىن. تەخەللۇس شائىر، يازغۇچىلار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

4) جىنس ئايرىمىسىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ.

5) خاسلىق ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئىسىم شەخسكە خاس، فامىلە جەمەتكە خاس، لەقەمنىڭ بەزىلىرى شۇ شەخس بىلەن چەكلەنسە، جەمەتكە قويۇلغان لەقەم بىر جەمەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ.

6) ئاتاش ئادىتى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تەڭتۇشلار، يېقىنلار شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى ئاتىغاندا ئىسىم ئاخىرىغا ئاكا، ئاچا، تاغا، ھامما سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ.

7) قۇرۇلما تەرتىپى ئوخشاش ئەمەس. ئىسىم قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك، بىر تەركىبلىك سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» بىر تەركىبلىك ۋە قوش تەركىبلىك سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ.

8) ۋارىسلىق قىلىنىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئىسىم، تەخەللۇس مەلۇم بىر شەخسكە خاس، ئۇنى

ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، ئەۋلادقا مىراس قالمايدۇ. فامىلە بىرەر شەخسكە ئەمەس، بەلكى ئورتاق ئۇرۇغ ئەزالىرىغا مەنسۇپ بولغاچ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇ نەسەب نامى بولۇپ ئەجدادلاردىن - ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. فامىلە ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇقىم بەلگە. «يۇرت - مەھەللە لەقەملىرى» ۋە «جەمەت لەقەملىرى» خۇددى «فامىلە»گە ئوخشاش ئۇزاق دەۋرگىچە داۋاملىشىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق نەسەبنامىسى بولغاچقا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ.

9) «ئىسىم»، «فامىلە»، «لەقەم»، «تەخەللۇس» قىلىپ قويۇلغان سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس. بەزى ئىسىملار تەبىئەتنى قەدىرلەش، سۆيۈش، گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەش، مېھىر-مۇھەببەت، چىدام، جاسارەتنى ئىپادىلىسە، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىد تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار تۇتېم ناملىرى، ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرى، يۇرت ماكان ناملىرى، جەمەت لەقەملىرىنى «فامىلە» ئورنىدا ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى مەنە جەھەتتە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) قەدىمكى ئىسىملاردا تەبىئەت ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇلۇغلانغان. مەسىلەن، چېچەك (گۈل)، تەمۇر (تومۇر)، ئاسغۇ (مارجان).

2) بەزى ئىسىملاردا ھايۋانلار، قۇشلار ئۇلۇغلانغان.



مەسىلەن، ئادغىر (ئايغىر)، بارس (يولۋاس)، قۇنتۇز (قۇندۇز)، سۇڭقۇر (شۇڭقار)، تۇتى (شاتۇتى).

3) مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرى، بەلگىلىرى، ئۇنۋان، ئەمەل ناملىرى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، ئارقىش (خەۋەرچى) ئىنال (مەرتىۋە نامى)، چۇمۇل (قەبىلە نامى).

4) قەھرىمانلار، يېتەكچىلەر، شاھ - شاھزادىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. مەسىلەن، ئارسلان تېكىن (ئارسلاندەك باتۇر شاھزادە)، ئالىپ ئەرتۇڭا (قاپلاندەك باتۇر ئەر)، ئالىپ تېكىن (باتۇر شاھزادە).

5) ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت، ياخشى نىيەت، كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى قويغان. مەسىلەن، ئاسقىن (ئېسىل)، ئامۇل (تەمكىن)، ئەرگۈ ئەر (ياخشى ئەر)، ئەدگۇ ئۆگلى (ياخشى نىيەتلىك).

6) بىلىم، بەخت، ئارزۇ مەنىسىدىكى ئىسىملارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئاقىل (دانىشمەن)، قۇتلۇق (بەختلىك ئوغۇل).

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىسىمشۇناسلىق ئىنسانشۇناسلىقنىڭ تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ يادروسى ھېسابلانغان مەدەنىيەتنىڭ، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئەنئەنە، دىنىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق ھالەت قاتارلىق تۈرلۈك قاتلام ۋە باسقۇچلار بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىنسانلار جەمـ

ئىيتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۆرۈقداشلىق سىستېمى-
سى، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرى-
دۇ، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە
ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر مىللەت ياكى جەمئىيەتنىڭ
مەنىۋى تۇرمۇشنى، مىللىي پسىخىكىسىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن كىشى ئىسملىرىغا،
بولۇپمۇ پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇشقا يۇكسەك ئەھمىيەت
بەرگەن، ئىسىم تاللاشتا مەلۇم بىر تىلدا شۇ ئىسىم ئىپادى-
لىگەن مەنىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە مەلۇم مۇددىئانى
ئاساس قىلغان. بۇ جەرياندا يەنە كىشى ئىسملىرىنىڭ
ئۆزىگە خاس قۇرۇلما ۋە جىنس ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن. كىشىلەر ئىسمىنى ياخشى تاللاپ بولغاندىن
كېيىن بىر خىل مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ئات قويۇش
رەسمىيىتىنى بېجىرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسىم
قويۇش تەرتىپلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىسىم قويۇش بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتقاندەك «قاند-
داق قويسا بولۇۋېرىدىغان» ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى
بارلىق كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلار كۆڭۈل بۆلۈشكە
تېگىشلىك مۇھىم ئىش. شۇڭلاشقا، ئىسىم قويۇش ۋە
قوللىنىش جەھەتتە ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ،
يېڭىلىق يارىتىشىمىز كېرەك، يەنى ئەجدادلارنى ئۈلگە
قىلىپ، ئىسىملارنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇپ، ئۇنى مۇۋا-



پىق تاللاپ، توغرا، تولۇق ئاتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن
مۇشۇ شەرت ئاستىدا ئىسىملارنىڭ گۈزەل، مەنىلىك،
خىلمۇخىل ۋە بىرقەدەر ساپ بولۇشىغا ئىنسانلار جەمئىيى-
تى ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ يادروسى ھېسابلانغان مەدەنىيەت،
ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئەنئەنە، ئەجدادنى - ئەۋلادقا ئۇلا-
ش، نەسەبنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان، مىللەتنىڭ
ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان
ئىسىملارنى قويۇشقا يۈزلىنىشىمىز لازىم.

# پەزىلەت ۋە ئائىلە

ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەبىئىي شارائىت ئادەملەر خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ ساپاسى يەنى ئەقىل - پاراستى، بىلىم سەۋىيىسى، خاراكتېرى يەنى مىجەزى، خۇلقى، ئەدەپ - ئەخلاقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ۋىجدانى، ئېتىقادى... قاتارلىقلار بالىلارغا بىۋاستە تەسىر قىلىپ ئۇلارنىڭ خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىدە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

XVII ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئىسپانىيىلىك ئاتاقلىق پەيلاسوپ، «ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى» دېگەن كىتابىدا: «ئەقىل بىلەن خاراكتېر ئادەمنىڭ تۇغما بايلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئىككى تايانچتۇر. ئۇمۇمەن، ئۆزىنىڭ تۇغما بايلىقىنى تەبىئىي ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدە بولغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىستىبداتىغا خاراكتېر بىلەن ئەقلىنى تايانچ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭ بىرسىگىلا تايانسا، يېرىم - يارتا مۇۋەپپەقىيەتكىلا ئېرىشەلەيدۇ. ئەقلى-



گىلا تايانغان بىلەن چوڭ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىلى بولمايدۇ. سەندە ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىگە ماس كېلىدىغان خاراكتېر بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئىشىڭ ئاقىدۇ. كالۋالارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ كونكرېت شارائىتى، ئورنى، كېلىپ چىقىشى ۋە دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئالمىغانلىقىدا» دېيىلگەن. پەيلاسوپنىڭ قارىشىدا، مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت، بىلىم ھەم ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش لازىم دېگەن پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. ياخشى خاراكتېر گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، خۇلق - مىجەز، ۋىجدان، ئېتىقاد، توغرا دۇنياقاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشى خاراكتېر ياخشى مۇھىت - شارائىت ئىچىدە يېتىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەمنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بۇلىقى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بالىلار پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى تەھلىل قىلىپ، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بالىلار خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. قىسقىسى، ياخشى ئاتا-ئانا بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش، ئۆزىنى پەرزەنت تەربىيىسىگە بېغىشلاش، ئۆز مېھىر مۇھەببىتىنى بالىلارغا تولۇق ئاتاش بارلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، ئاتا - ئانىلار ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشقا، پەرزەنتلىرىنى ياخشى يولغا باشلاشقا تىرىشىشى

كېرەك.

ئاتا - ئانا ئالدىدا ناچار، يامان پەرزەنت يوق. «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغان. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ئاشۇنداق ياخشى كۆرگەن بالىلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئەقىلپاراستى، مول بىلىمى، ياخشى خاراكتېرى بىلەن ئۈلگە بولۇشى، ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياخشى كۆرۈشى، مۇھەببىتىگە ئېرىشەي دېسە، ئالدى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى ھەتتا بارلىقىنى ئۆز پەرزەنتىگە بېغىشلىشى كېرەك. ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈش، يول قويۇش ۋە ئۆز خاراكتېرىدىكى ناچار ئىللەتلەر بىلەن بالىلارغا يامان خاراكتېر يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەيئىگە بولغان كۆزقاراشلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ھاماقەت ئادەملا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ گويا ئانچە ياخشى كۆرسەتمەيدىغان ئەينەكتە رەسىم كۆرگەندەكلا بىر ئىش، ئەينەكتە ياخشى كۆرۈنمەسلىكى ئەسلىدىكى رەسىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم ئۆز ئېڭىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ شۇنداق. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ خاسلىقىدىن زادىلا ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بىز ئېرىشەلەيدىغان خۇشاللىق ئالدى بىلەن بىزنىڭ خاسلىقىمىز ئارقىلىق بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ. گۈزەل خۇسۇسىيەت، خاراكتېرلەرنى ھېچكىم بىزگە بېرەلمەيدۇ،



ھېچكىممۇ بىزدىن تارتىۋالالمايدۇ. بۇ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلەر بىز ئىگىلەپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ مۇھىم، ھەتتا باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق قارىشىدىنمۇ مۇھىم. ئەقلىي بىلىمگە ئىگە بىر ئادەم تامامەن يالغۇز قالغان چاغدا ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى ۋە خىيالى ئىچىگە چۆكۈپ كەتسە، بۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ چەكسىز بولىدۇ. ياخشى، مۇلايىم خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ناچار مۇھىتتىمۇ ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشىيالايدۇ. لېكىن، بىر ئاچ كۆز، ھەسەتخور ۋە ئاداۋەتكە تولغان ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ. سوقرات نۇرغۇن زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېلىپ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا: «بۇ دۇنيادا ماڭا ئېھتىياجلىق بولمىغان قانچىلىك نەرسە باردۇر - ھە! » دەپتىكەن. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساسىي ئامىل بىزنىڭ خاراكتېرىمىزدۇر. ئېسىل خاراكتېر، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزدە يېتىلىدىغان يۈكسەك پەزىلەت، خاراكتېرنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئورتاق ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قابىلىتى ۋە تەبىئىي تالانتى مۇشۇ ئاساس بىلەن، شۇنداقلا گۈزەل خاراكتېرنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئادىمىيلىكتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئاساس يوقىتىۋېتىلسە، ئەڭ زور تالانتمۇ يوققا چىقىدۇ. ئىنسانلار ھاياتىدىكى بۇنداق مۇھىم ئامىل ھاياتلىق بىلەن تەڭ پەيدا بولغان بولۇپ، ئادەم ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك

ئاساسىنى ياخشى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن خاسلىقنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغان مۇۋاپىق سورۇن تاپقىلى بولىدۇ. باللار ئۈچۈن بۇنداق سورۇننى ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدە ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇش خۇددى قۇرۇلۇش سېلىشقا ئوخشايدۇ. مۇبادا قۇرۇلۇش توختىتىلسا، كىشىلىك تۇرمۇشمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭا، كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشلارغا چوقۇم قىزغىنلىق بىلەن تۇتۇش قىلىشىمىز لازىم.

تارىختا يەھۇدىيلارغا بولغان بۇزغۇنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ياۋروپادا يەھۇدىيلارنىڭ مۇقىم مۈلكى بولۇشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قانۇن چىقىرىلغان. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بىردىنبىر مۈلۈكىنىڭ ئۆز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ياخشى خاراكتېرىگە تايىنىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

1946- يىلى بىر يەھۇدىي ئاتا - بالا ئامېرىكىغا كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردە مىس سودىسى قىلماقچى بولىدۇ. دادىسى ئوغلىغا: «بىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقىمىز پەقەت ئەقىل - پاراسەت، باشقىلار بىرنى بىرگە قوشسا ئىككى بولىدۇ دېگەن چاغدا، سەن چوقۇم ئىككىدىن چوڭ بولىدۇ، دېگەننى ئويلاپ يېتىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. بۇ بالا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئاتىسىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يىغىۋالغان كېرەكسىز مىس پارچىلىرىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ياساپ، يەھۇدىيلارنىڭ



پاراسىتىنى، ئېھتىياتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ روھنى ئامېرىكىنىڭ سودا ساھەسى ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ تۆرىگە چىقارغان.

ئېنىقكى، پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا - ئانىنىڭ رولىنىڭ، يەنى ئۇنىڭ ئىرادىسى، ئەقىدىسى، ياخشى خاراكتېرىنى ئۆز پەرزەنتىگە سىڭدۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش، ئۇلاردا ياخشى خاراكتېر يېتىلدۇرۇش، يەنى ئەقىل بىلەن خاراكتېرنى بىرلەشتۇرۇپ، پەرزەنتتە تۇغۇلۇشىدىنلا نامايان بولىدىغان تۇغما بايلىق تالانتنى جارى قىلىش ئۈچۈن ياخشى تەربىيە قىلىش، ياخشى شەرت- شارائىت يارىتىپ بېرىش ئاتا- ئانىلارنىڭ مۇقەددەس ھەم باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار باركى، باللىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بېرىدۇ. لېكىن، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى ھەم ئاساسلىق ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقىغا سەل قاراپ، ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆز ئەمەلىي - ھەرىكىتى ئارقىلىق باللارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مۇھىتى بولغان ئائىلىدىكى مەنىۋى شارائىتنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي تالانتى، ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ۋە ياخشى خاراكتېرلىك بولۇپ ئۆسۈشىگە تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. باللار قەلبىدە ياخشى خاراكتېر، يەنى ئەدەپ - ئەخلاق، ياخشى مىجەز - خۇلق، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت بەرپا قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ،

ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۇرۇشنىڭ ئورنىغا سەلبىي تەسىر بېرىپ، ناچار ئىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ھەتتا تويۇق يولغا مېڭىپ قېلىشقا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. بۇنى ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە بالىنى بېقىش، تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەڭ زور كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئانىلارنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىشتا ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنى دەۋر تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۇنجى ئۇستازلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تەييارلىنىشى كېرەك.

2001- يىل كانادادا يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، پسىخولوگ، پەيلاسوپ، ئەدىب، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر يىغىلىپ «زامانىۋى ئىنسان ئەخلاقى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا كېڭەش بولغان. كېڭەش ئەھلى بىردەك زامانىۋىلىقتا ماس كېلىدىغان ئىنسان تەبىئىتىنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان.

1) تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ گارمونىك ماسلىقى ساقلانغان ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشقان بولۇش؛

2) يۈكسەك ھالدىكى بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇش ۋە كوللىكتىپ ئىگى بولۇش؛



3) ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدىكى يېتۈك خىسلەتلەر ساقلانغان ھەم راۋاجلانغان بولۇش، مۇكەممەل ئىتتىدادقا ئىگە بولۇش؛

4) ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈستىگە قۇرغان بولۇش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان تەبىئەت قالدۇرۇش؛

5) ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرى ياخشى قوغدالغان، ئاسرالغان بولۇش؛

6) كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنى يادىكار قىلىش.

مانا بۇ بايانلاردىن پەرزەنت تەربىيىسىگە، پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە تەڭ، ئەتراپلىق يېتىلىپ، ياخشى خاراكتېر يېتىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدار بايلىقىنى تەبىئىي ھالدا جارى قىلدۇرۇپ، ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت، ياخشى ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چيكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى پروفېسسورى بىنجامىن. بلۇم مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى بويىچە بىر كىتاب نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ 17 — 18 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاساسلىق بەش ئالاھىدىلىكى تەتقىق قىلىنغان. ئۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ، ئادەتتىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارى، ئۆگىنىش نەتىجىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدى-

غان دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىدىغانلىقى، كېيىن ئاستا-
ئاستا تۆۋەنلەپ بارىدىغانلىقىنى بايقىغان. مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا، بەش ياشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل تەرەققىيات باس-
قۇچىنىڭ %54 قىسمى ئورۇندىلىدىكەن. 3 — 12 ياشقى-
چە بولغان ئارىلىقتا %32 قىسمى ئورۇندىلىدىكەن، قالغان
%14 ى 18 ياشتىن ئىلگىرى ئورۇندىلىپ بولىدىكەن.

مۇنداق بولغاندا، بىر بالىنىڭ بەش ياشتىن ئىلگىرى
پۈتكۈل تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ %54 قىسمى ئورۇندىلىپ
بولغان، بۇ ۋاقىت دەل بالىنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدە تۇرۇ-
ۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بالىلار
پسىخىكىسى خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى
ئانالىز قىلىپ، پەقەت ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مۇھىت، تۇغ-
رىسىنى ئېيتقاندا ئائىلە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بالىلار ئۈ-
چۈن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويغان. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدىن بالىلارنىڭ ئۆگىنىش
ئىقتىدارى، ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە ئوغۇل - قىز پەرزەنت-
لەرنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارنىڭ ئەنە شۇ بەش يىلدا
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تېز تەرەققىي قى-
لىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان ئائىلە مۇھىتى، تۇرمۇش
شارائىتىنىڭ بالىلارنىڭ خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىدىكى ئا-
ساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە بالىلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە ئوخ-
شىمىغان ئائىلە مۇھىتى، ئائىلە شارائىتىنىڭ تەسىرىدە
بالىلاردا ئوخشىمىغان خاراكتېرلەرنىڭ يېتىلىدىغانلىقى



ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

## غەمكىنلىك

ئەخلاق بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئەمەلىيەتتىمۇ
ھېچقانداق بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاق-
سىز، راستچىل ياكى ساختىپەز، ئەمگەكچان ياكى ھۇ-
رۇن، باتۇر ياكى قورقۇنچاق، شوخ ياكى غەمكىن بولۇپ
تۇغۇلمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. مۇنداق چۈشەنچە ۋە ئاڭ
بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بەلگىلىك تەربىيە ۋە ئىجتى-
مائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. كى-
چىك بالىلار ئادەتتە گۆدەك ۋە ئەۋرىشىم مىجەز كېلىدۇ،
ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش ۋە ئۇلاردا قانداق ئەخلاق -
پەزىلەت ۋە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى يەنىلا يې-
تەكلەشكە باغلىق بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىلارغا
قارىتىلغان ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىدە ئۈنۈملۈك نەتى-
جىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئائىلىدە ياخشى ئىج-
تىمائىي مۇھىت يارىتىشتىن تاشقىرى، بالىلارغا قارىتا
ياخشى بولغان ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، بۇ خىل
تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت
ۋە ياخشى خاراكتېر، قىلىق، ئادەت يېتىلدۈرۈشىنىڭ ئاسا-
سى. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ «ھۈجەيرىسى»، ئاتا - ئانا بالى-
لارنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسىدۇر. ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر

سۆزى، ھەرىكتى باللارغا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. ھەر-
قانداق بىر بالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنىڭ يېتىلىش
جەريانىدا پاسسىپ ئامىل بىلەن ئاكتىپ ئامىل كۈرىشى
بولىدۇ. ئاكتىپ ئامىل ياخشى مۇھىت - شارائىت، توغرا
تەربىيىنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى، يېڭى ئەخلاق - پەزىلەت-
لەرنىڭ يىلتىز تارتىشىنىڭ تۇپرىقى، تەرەققىي قىلىشى-
نىڭ ئاساسى ۋە پاسسىپ ئامىلنى، يامان تەسىرلەرنى يې-
ڭىدىغان كۈچتۇر.

پەرزەنت تەربىيىسىدە ناچار شارائىت، توغرا بولمىغان
ئائىلە تەربىيىسى كۆپ سالماقنى ئىگىلىسە، بولۇپمۇ بالى-
نىڭ تۇرمۇشى دائىم قورقۇش - قورقۇتۇش ئىچىدە ئۆتسە،
بۇ پاسسىپ ئامىل سەۋەبى پەرزەنت پىسخىكىسىدا غەمكىن-
لىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۆۋەندىكىلەر غەمكىنلىكنى
پەيدا قىلىدىغان پاسسىپ ئامىللاردۇر:

1) بالىنى 0 — 7 ياشقىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ
قېشىغا ئېلىپ بىللە يېتىپ - قوپۇش؛

2) بالىدا سەللا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئۇرۇش - تىل-
لاش ھەم قورقۇتۇش؛

3) جىن - ئالۋاستىلار ھەققىدە چۆچەك سۆزلەپ
بېرىپ، بالىنىڭ سەۋەبى قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش؛

4) ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق كىنولارنى كۆرسى-
تىش؛

5) كەڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق؛

6) كېچىسى بالدۇر ئۇخلىمايدىغان باللارنى «ئەنە



جىن كەلدى، ئالۋاستى كەلدى!» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر
بىلەن قورقۇتۇپ ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلىش؛

7) ئازراق سەۋەنلىك كۆرۈلگەن باللارنى «داداڭغا
دەيمەن، داداڭ ئۇرىدۇ!» دەپ دادىسىنى «بۆبۇش» كۆر-
سىتىشتەك ناچار، پاسسىپ تەربىيە ئۇسۇلى باللاردا غەم-
كىن بولۇپ قېلىشتەك پىسخىك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم باللار ۋە
ئاتا - ئانىسى بىر ئورۇندا ئىشلىمەيدىغان، يا دادىسىنىڭ،
يا ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگىلا قاراپ قالغان باللاردىمۇ غەم-
كىنلىكتىن ئىبارەت پىسخىك ھالەت خېلىلا ئېغىر بولى-
دۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەشتە ئاكتىپ ئامىل-
نى جارى قىلدۇرۇپ، ساغلام بەدەن بولمىسا، كەلگۈسىدە
ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى
ھېكايە - چۆچەك سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، باللار قەلبىدە
پاسسىپ ئامىلنى چەكلەپ، باللاردىكى قورقۇشتىن پەيدا
بولغان غەمكىن پىسخىك ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم
بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1) بالا تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا، كېچىككەندىمۇ ئۈچ
ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇش، ئۆزى قىلا-
لايدىغان ئىشنى ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە ئۆزىگە قىلدۇ-
رۇپ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈش
ھەم كىچىدە قورقمايدىغان روھنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەر كۆرۈش چەكلەنگەن ۋەھىمى-

لىك كىنولار ۋە قورقۇنچلۇق سىرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ھەم ئەپسانىۋى تۈس ئالغان جىن - شاياتۇنلار، دىۋە - ئالۋاستىلار سۆزلىنىدىغان چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بەرمەسلىك كېرەك.

3) ساياھەتكە ئېلىپ چىقىپ؛ تاغ - دەريالار، كۆللەر، دەل - دەرەخلەر، چۆل - باياۋانلارنى كۆرسىتىش، ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق سەبىيلەر قەلبىگە «ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوستىمىز» ئىكەنلىكىنى ھەم تەبىئەت بىلەن بىللە ياشاشنىڭ مۇھىملىقىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلاردىكى قورقۇنچنى تۈگىتىپ، غەمكىن پسىخىك ھالەتتىن قۇتۇلۇشغا ياردەم بېرىش كېرەك.

4) ئاتا - ئانىلار بالىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ كېچىلىك زىياپەتلەرگە بېرىپ، ئۆيگە كەچ قايتىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرى باللىرىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇشى، ھەم ئۇلارغا ئاتائانىلىق مېھرىنى تولۇق بېرىشى كېرەك.

5) بالىلارنى ۋاقىت يار بەرگەن تەقدىردە ئۆز ئەتراپىدىكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا، ئۇلار بىلەن ئىناق، دوستانە ئۆتۈشكە كۆندۈرۈش، دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىللە ئويناش ۋە دوستلىرىنى باشلاپ كىرىپ ئۆز ئۆيىدە بىللە ئويناشنى



تەلەپ قىلسا، بالىنىڭ دوستلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشى، بىللە ئوينىشىغا ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

6) ئەر - ئاياللار جېدەل - ماجىرا قىلماسلىقى، بولۇپمۇ ئەر تەرەپ بالىلار ئالدىدا ئانىنى ئۇرۇشتەك ناچار قىلمىشلاردىن ساقلىنىپ، بالىلارنى قورقۇنچاق قىلىپ قويماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلاردىكى غەمكىن پسىخىك ھالەتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

## ئۇرۇشقاقلىق

ئاتا - ئانىنىڭ جېدەل - ماجىراسى ۋە بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى سەبىي بالىلار قەلبىدە دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، يا ئاتىسىنى، يا ئانىسىنى ئۆچ كۆرۈشتەك پسىخىك ھالەت خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاخىر بېرىپ يېشى چوڭايغانسىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئۇلارغا گەپ ياندۇرىدىغان، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرى، دوستلىرى، چوڭلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۇرۇشىدىغان، ئاسان خۇيلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئائىلىدە ئاتا - ئانىلار بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تولا ئۇرۇشىدىغان، مەھەللە - كوي، ھەقەمسايىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتمەي، ئۆيدە داۋاملىق ئۇلارنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىدىغان، باشقىلارغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە

قارايدىغان، ھەتتا بالا ئارىسىغا كىرىپ، قوشنىلار بىلەن جېدەل - ماجىرا قىلىدىغان ئائىلە مۇھىتىدا ياشىغان بالىدا ئۇرۇشقاقلىق، بىشەملىك خاراكتېرى يېتىلىدۇ. ئۇرۇشقاق، ئۆكتەملىكتەك ناچار ئەخلاقتا ئادەتلىنىپ قالغان بالىلارنىڭ يېتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ياشىغان مۇھىت - شارائىت ناچار، ئۇلارغا بېرىلگەن تەربىيە خاتا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي بىلىمى كەمچىل، ئەخلاقىي چۈشەنچىسى مۇجمەل بولغاچقا، ئۇلار تولاراق قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ياخشى بىلەن ياماننى ئاسان ئايرىيالمايدۇ. بۇ خىل بالىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، بالىلارنىڭ مېڭىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاسسىپ نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى، ھەرىكىتىدە جەزمەن ياخشى خۇلق، ياخشى ھەرىكەت بارلىقىنى بايقاشقا ماھىر بولۇش بىلەن بىرگە شۇ ياخشى تەرەپنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

مەسىلەن، بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇۋاتقان ئىككى بالا بۇگۈن ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرىنى ئۇرۇپ يىغلىشىپ قالغان بولسا، ئەتىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك دوستلىشىپ بىرگە ئوينايدۇ. مانا بۇ بالىلاردىكى بىر خىل ياخشى خىسلەت، ئاتا - ئانىلار مانا مۇشۇ ياخشى تەرەپتىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، چوڭلار بىلەن ئۇرۇشماسلىقى، قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى، بالىسى ئۇرۇشقان ئاتا - ئانىلار قارشى تەرەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلاردىن ئەپۇ سورىشى، ئۇرۇشقان بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ھال ئېيتىپ كەلسە، ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، نەق مەيداندا بالىلارنى بىر - بىرى بىلەن



ياراشتۇرۇپ قويۇشى، ئۆز بالىسىغا بولغان دوستانە، ئىناق ئۆتۈش تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئۇرۇش - تالاش كۆپ ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلار ھېسسىيات جەھەتتە ئاتا - ئانىلىرى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل بالىلارغا تەڭتۇشلىرى ۋە ئاتا - ئانىلىرى كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىغاچقا، باشقىلار تازا كۆزگە ئىلىماي، ئۇلاردا ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىك شەكىللىنىپ قالىدۇ. بىراق، ئازغىنە ياخشى ئىشنى كۆرۈپ، ئۇنى ماختاپ قويغانلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بۇلاردىكى مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان ھېسسىياتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۆگىتىشى، ئازراقلا ياخشى ئىش قىلىپ قويغان بولسا ئىلھام بېرىپ تەقدىرلىشى، دوستلىرى بىلەن ئىناق ئوينىغان ۋاقىتلىرىنى كۆرگەندە تېخىمۇ ئىلھام بېرىشى ھەم بالىلارغا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قەدىرلەش تەربىيىسىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىپ، بالىنىڭ قولىدىن كەلگۈسىدە ناھايىتى ئۇلۇغۋار چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشى كېرەك.

## باشقىلارنى ئەيىبلەشنىلا بىلىش

ئەگەر بىر بالىنىڭ تۇرمۇشى تەنقىد ئىچىدىلا ئۆتسە، ئۇ بالا پەقەت باشقىلارنى ئەيىبلەشنىلا ئۆگىنىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىدە بىزدە ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان تەربىيىمىزدە «مۇنداق قىل، مۇنداق قىلساڭ ساڭا مۇنداق پايدىسى بار»

دېيىشتىن، «مۇنداق قىلما، قارا، قىلغان ئىشىڭغا» دېگەن گەپ - سۆزلەر، پەند - نەسىھەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، تېخى تولۇق يېتىلمىگەن پەرزەنتكە نىسبەتەن نېمە ئۈچۈن «شۇنداق قىلمايدىغان» لىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىق چۈشەندۈرۈلمەيۋاتىدۇ. «نېمە ئۈچۈن؟» گە ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا «مۇنداق قىلما» دەپ بۇيرۇق قىلىپ ئۆزى «شۇنداق» قىلىپ تاشلاۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بالىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىشتا ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلمەسلىك، بايقىيالماسلىق، چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن پەرزەنتىنىڭ ئۆزى قىلالىغۇدەك ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويماي، ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىپ بېرىپ، بالىلارنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىش، ھەتتا مۇستەقىل ياشاش، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشتەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈۋاتقانلىقىغا ئېتىبارسىز قاراۋاتىدۇ.

بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۆزى قىلالىغۇدەك ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىپ، ئاز - تولا خاتا قىلىپ قويسا ئۇلارنى ئەدەپلەۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئائىلە شارائىتىدا ياشىغان بالا، داۋاملىق تەنقىدلىنىپ تۇرغاچ، ئۇنىڭ قەلبىگە باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت پسىخىك ھالەت ئورناپ قالىدۇ - دە، چوڭ بولغانسېرى ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ئىشىنى ياراتمايدىغان، قىلغان ئىشلىرىدىن قۇسۇر



چىقىرىپ، باشقىلارنى تەنقىدلەشنىلا بىلىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. تېخى مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بۇ سەبىي بالىلار بۇ خىل ئائىلە شارائىتىدا ئاتا - ئانا سۆزىنى مۇقەددەس بىلىپ، ھەممىدە ئاتا - ئانىسىغا تايىنىدىغان بولۇپ قېلىشتىن سىرت، ئاتا - ئانىلىرىنى دوراپ باشقىلارنى ئەيىبلەشنى «شەرەپ» ھېس قىلىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. بالىلار بارا - بارا چېكى تۇتقان، قىلغان ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ داۋاملىق تەنقىدلەپ تۇرىدىغان ئانىغا ئۆچ، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق، بالىلىرى نېمە ئىش قىلسا بىپەرۋالىق قىلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ گەپ - سۆز قىلمايدىغان دادىغا ئامراق بولۇپ ئۆسىدۇ.

بالىلاردىكى بۇ خىل ناچار ئەخلاقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى خىلمۇخىل ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقى، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى باشقۇرۇشتىكى ئۇسۇلىنىڭ توغرا، تەربىيە تەلىپىنىڭ بىردەك بولماسلىقى بالىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ - دە، بەزىدە زادى قانداق قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىنى بېقىشنىلا بىلىپ، ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئادىمىيلىكنى ئۆگىتىشكە سەل قارايدۇ. ھەدېسىلا «بالا كىچىك» نى بانا قىلىۋالىدۇ. مانا بۇ بالىلار تەربىيىسىگە مۇخالىپ خاتا قاراشتۇر، شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلار تەربىيىسىدە بىردەك پىكىرگە كېلىپ، بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، بىر - بىرىنى قوللاپ، ئورتاق

ھالدا پەرزەنتىنى ھەقىقىي ئەخلاقلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى لازىم.

ئەگەر بالىلار ھەددىدىن زىيادە ئەركە بېقىلىدىكەن، ھەممىلا جايدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ «ئائىلىنىڭ كىچىك زومىگىرى» بولۇۋالىدۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى ياراتمايدۇ. ھەدېسىلا باشقا بالىلارنى ئەيىبلەپ، قىلغان ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا يۈز-خاتىرە قىلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرگە باھا بېرىش قابىلىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىپ، بالىلار قەلبىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان ناچار قىلىقلار، ئەخلاقسىزلىقلارنى دەل ۋاقتىدا توسۇشى، بالىلارنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى قىلغان ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ماختاپ، يامان قىلغان تەرەپلىرىگە مۇۋاپىق تەربىيە بېرىشى ھەم تۈزىتىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئەڭ مۇھىمى، ھەدېسىلا بالىنى ئەركىلىتىش ياكى ھەدېسىلا تولا تەنقىدلەشتەك يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلار باشقىلارنى ئەيىبلەش پىسخىكىسىنى تۈزىتەلەيدۇ.



## ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئەدەپ-ئەخلاقى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ شاھىدى بولغان ئۇيغۇر قوشاقلىرى تەركىبىدە:

ئاتىسى بار، ئاناسى بار، تاۋاردىن ئەتىۋار بالىلار،
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق، كوچىدا خارۇزار بالىلار.

دېگەن بىر بېيىت بار، ئاتا - ئانا پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى ئۇستاز بولۇشتىن تاشقىرى، بالىنىڭ يۆلەنچۈكى، تېغى، ئىپتىخارى، خۇشاللىقى، بارلىقى، باشپاناھى، ھىمايىچىسىدۇر. ئاتا - ئانىسى بار بالىلاردا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش ھېسسىياتى بولمايدۇ. بىراق، ئاتا - ئانىسى يوق ياكى يا ئاتىسىز، يا ئانىسىز يېتىم بالىلار تۇرمۇشى بىچارىلىك ئىچىدە ئۆتكەچكە، بۇنداق شارائىتتا ياشىغان بالىلاردا مۇقەررەر ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش پىسخىك ھالىتى شەكىللىنىپ قالىدۇ. بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنداق-مۇنداق خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ناچار ئىدىيە ۋە يامان كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئاتا - ئانىلارنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قالغان، خاتالىق ئۆتكۈزگەن بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇلارغا بولغان تەربىيىدە نېمىلەرگە

دىققەت قىلىش لازىملىقى ئائىلە تەربىيىسىدە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بالىلاردا ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك تۇپەيلى پەيدا بولىدىغان ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ قالىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان. چۈنكى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەر بالىلارغا شۇ ئائىلىدىن ئىبارەت ھۈجەيرە ئارقىلىق تەسىر قىلىدۇ.

تەربىيە شارائىتى ياخشى، ئاتا - ئانىسى بار بولغان ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى ئازراق بولۇشتىن سىرت، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تۈزىتىشىمۇ نىسبەتەن تېز ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، تەربىيە شارائىتى، ئۇسۇلى ناچار، يېتىمچىلىكتە، بولۇپمۇ «ئۆگەي» نىڭ قولىدا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى چوڭراق، خاتالىقنى تۈزىتىش جەريانى ئاستىراق، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى، بەزى ئاتا - ئانىلاردا بالىلارنى خاتا ئەيىبلەپ، بالىنىڭ بەزىبىر ناچار ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

مەلۇم بىر ژۇرنالدا بىر بالىنىڭ پۇل ئوغرىلاش خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزگىرىشىگىچە بولغان ئەھۋالى مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان: بىر بالا بىر قېتىم باشقا ساۋاقدىشىنىڭ قېرىنداش ئۇشلىغۇچىنى بۇزۇپ قويۇپ، ئۇنى تۆلەپ بېرىش ئىستىكىدە ئانىسىدىن پۇل سورىغاندا، ئانى-



سى بەرمىگەن. كېيىن ئۇ، ئانىسىنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئوغرىلاپ، ھېلىقى بالىنىڭ قېرىنداش ئۇچلىغۇچىنى تۆلەپ بەرگەن. بۇ ئەھۋالنى ئانىسى ئۇقۇپ قېلىپ، مەكتەپكە «بالام پۇل ئوغرىلايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ ئىنكاس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ بۇ بالىغا قارىتا پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىغان. نەتىجىدە بۇ بالىنىڭ كۆڭلىدە «باشقىلار بەربىر مېنى ئوغرى دەيدىكەن»، «ئەمدى بولۇشمىچە بولمايمەنمۇ» دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت ناچار خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ پۇل ئوغرىلىشىنىڭ سەۋەبىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بەرگەن. كېيىن، ئانىسى بالىسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن پۇللارنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدا قويۇپ قويغاندا، بالا بۇ پۇللارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغان. كېيىنچە ئانىسى بالىسىغا ساقلاش ئۈچۈن پۇل بېرىدىغانمۇ بولغان.

دېمەك، بالىنى خاتا ئەيىبلەپ، ئۇنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، بالىدا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش خاراكتېرى يېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بۇ خىل خاتا تۇيغۇ، ناچار خاراكتېر يۇقتۇرۇۋالغان بالىلارغا قارىتا ئىجابىي تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بالىنى خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، بالا ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، بالىدىن ئەپۇ سورىشى، بالىلارغا بىچارىلىكنىڭ ياخشى ئەمەسلىك-

نى، ئۇنى تۈزىتىشنىڭ يوللىرىنى ئەستايىدىل، سەۋرچان-
لىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، بالىلارنىڭ بۇ خىل بىچارىلىك
مۇھىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ئەيىبلەشنى توختىتىپ، ئۆ-
زىگە ئىشىنىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرى-
شى لازىم. تۇرمۇشى بىچارىلىك مۇھىتىدا ئۆسكەن، ئۆز-
ئۆزىنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالغان بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا-
ئانا ھەرقانچە ئۆگەي بولغان تەقدىردىمۇ ئادىمىيلىكنى چى-
قىش قىلىپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشى
كېرەك، كۆيۈنۈش بالىلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام ئۆ-
سۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل.
بولۇپمۇ قىسمەن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبىدىن روھىي
جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ، ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىغان، ئۆ-
زىگە ئىشىنىشنى، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلەلمىگەن بالىلار-
غا نىسبەتەن ئۇلارغا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش،
ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى قەدىرلەشنى كىچى-
كىدىن يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.
ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا
ئەھمىيەت بېرىشى، بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزسە غەزىپىنى
باسالماي ئۇرۇش، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىش، قاراڭغۇ
ئۆيگە سولاپ قويۇش، ئاچ قويۇش، ھاقارەتلەش، تىللاش-
تەك نامۇۋاپىق جازالاشنى قوللانماسلىق كېرەك. شۇڭا،
بالىلار بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىپ، ھېسسىيات ئالماشتۇ-
رۇپ، روھىي ئۇرغۇتۇشقا ماھىر بولۇش، ئۆزىنى ئەيىب-
لەشنىلا بىلىدىغان بالىلارنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىن
ئېتىش ۋە ياخشى دوستقا ئىگە قىلىش كېرەك، شۇنداقلا
ئائىلە بىلەن ئائىلىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك. بۇ-
خىل بالىلارنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىت بىلەن تەربىيىنىڭ
رولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ خىل بالىلاردا يېتىم-



سىرەش، خۇدۇكسىرەش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغاچقا،
ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كەم-
سىتىش پسىخىكىسىدىن قۇتۇلۇشىغا بارلىق مېھرى بىلەن
ياردەم بېرىشى كېرەك.

## تارتىنچاقلىق

شۇنداق بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار باركى، گويا ئۆزىدە
ھېچقانداق بىر ئىشەن يوقتەك داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەيد-
بىنى سۆزلەپ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشنى ئۆزى ئۈ-
چۈن بىر خىل شەرەپ ھېسابلايدۇ. باشقىلارنى مەسخىرە
قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ، ھەتتا تېخى بەش - ئالتە
ياشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان پەرزەنتلىرىدە بىرەر سەۋەنلىك
كۆرۈلسە، چىرايلىق تەربىيە قىلىش، ئىش ئۆگىتىشنىڭ
ئورنىغا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، بالىسىنى ئامالسىز ھالغا
چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلاردا ئەپۇچانلىق، ئۆزئارا يول قو-
يۇش، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، چىرايلىق مەسلىھەت بې-
رىش خىسلىتى بولمىغاچقا، ئائىلە مۇھىتى غەيۋەت - شى-
كايەت سورۇنىغا ئايلانغان.
دەرۋەقە، ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىدە چوقۇم
بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ خىجىل بولۇش، ئەپۇ سوراشتىن
ئىبارەت خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ بىرەر ئىش-
نى خاتا قىلىپ قويۇپ گۆشىيىپ تۇرغاندىن ياخشى. بى-
راق، بۇ خىل خاراكتېرنى باشقىلارنىڭ ئازغىنە كەمچى-
لىك، خاتالىقلىرىغا ياكى جىسمانىي نوقسانلىرىغا ئېسىلى-

ۋېلىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش بەدىلى-
گە يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن خاتا. بۇ جەھەتتە ئاتا - ئانىلار
باللارغا ئۈلگە بولۇشى، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا سەۋەن-
لىك كۆرۈلسە، دەرھال خاتالىقنى، كەمچىلىكنى ئېتىراپ
قىلىپ، بىر - بىرىدىن ئەپۇ سوراش، سەمىمىي، راست-
چىل بولۇپ، خاتا ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇش ئۇ-
چۇن تىرىشىشى لازىم. چۈنكى، سەمىمىيلىك ھەقىقەت-
نىڭ جىنى ۋە ھالال ئادەمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان
بەلگىدۇر.
دۇنيادا نوقسانسىز ئادەم يوق. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار
پەرزەنتلىرىدە ياخشى مىجەز يېتىلدۈرۈشكە ماھىر بولۇ-
شى، باللار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇپ، باراۋەرلىك
ئاساسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يول قويۇش ئارقىلىق ئۇ-
لارنى دادىل بولۇشقا يېتەكلىشى لازىم.

## ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق بىر خىل ئېغىر ھەم ساقايماس كې-
سەل، ھەسەتخور ئادەمنىڭ روھى خىيانەتكار روھتۇر.
بىرى ساڭا ھەسەت قىلسا، ئۇنىڭ دوستلۇقىدىن ئۈزۈڭنى
قاچۇر. ئىچى تارلىق باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەت-
خورلۇق كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان مىكروبتۇر. بۇ ھەقتە
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سېزەر ئۇ ئاداق.



خۇشال ھاياتتا ياشايمەن دېسەڭ،
تىرىشقىن ھەسەتتىن يىراق بول ئۆزۈڭ.»

ھەسەتخورلۇق بىلەن يامان غەرەزگە پەرۋاسىز مۇئامى-
لە قىلماسلىق كېرەك. ھەسەتخورلۇق ئۈستىدىن ياخشى-
لىق قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆر-
مىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتوق ياخشى ئۇسۇل يوق.
باللارنىڭ ئائىلە مۇھىتى، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى ھە-
سەتخورلۇق بىلەن قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەت تۇپەيلى،
ئاتا - ئانىسىدىكى ھەسەتخورلۇق كېسىلى باللارغىمۇ يۇ-
قۇپ قالىدۇ. ئەخلاقىي بىلىم ياخشى بىلەن يامان ھەرىكەت-
لەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشتىن ئىبا-
رەت بولۇپ، ئۇ باللاردىكى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ شە-
كىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، باللارنىڭ
ھەرقانداق ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرىگە ئۇلارنىڭ بىلى-
شى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.
ئاتا - ئانىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى سەۋەبىي باللار
قەلبىگە ناھايىتى تېز تەسىر قىلغاچقا، ئاتا - ئانىدىكى
غەيۋەت - شىكايەت قىلىش، باشقىلارنى كۆرەلمەسلىكتەك
ناچار ئىللەتلەر مۇھىتىدا باللار ھەسەتخورلۇقنى ئۆگىنى-
ۋالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ
تۇتۇپ، باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى، قولىدىن
كېلىشىچە ياردەم قىلىشى، باشقىلارنىڭ غەلىبىسىدىن خۇ-

شاللىق ھېس قىلىشى، باشقىلارغا توغرا، ئىلمىي مۇئامىلە
قىلىشى ھەمدە بالىلار ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ مېڭىسىـ
دە پەيدا بولغان ئەخلاقىي بىلىش بىلەن ئەخلاقىي باھا
قارىشىنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇنىڭغا بولغان تەربىيىنى
كۈچەيتىپ ۋە توغرا تەربىيە بىلەن بالىنى يېتەكلەپ، بالىـ
لارغا ياخشى خاراكتېر، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت، يەنى
ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يوللىرىنى،
ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ھەق
بىلەن ناھەقنىڭ، سەممىيلىك بىلەن ساختىپەزلىكنىڭ
چەك ـ چېگرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇتۇشى كېرەك.
شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلاردا توغرا بولغان ئەخلاقىي كۆزقاـ
راشنىڭ بىخلىرى يىلتىز تارتىپ چېچەكلەيدۇ. بالىلاردا
ئېچى تارلىق كەيپىياتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەسەتخورـ
لۇق خاراكتېرىنىڭ يېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى
بولىدۇ.

## ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش

ھايات مۇساپىسى ناھايىتى ئۇزاق، بۇ جەرياندا بەزى
ئادەملەرنىڭ شادلىقىدىن قايغۇسى كۆپ، بەزىلەر باشقىلار
تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق
ھاقارەت، كەمسىتىش ئەۋج ئالغان ئائىلىدە چوڭ بولۇۋاتـ
قان بالىلاردا ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش پىسخىكىـ
سى يېتىلىپ قالىدۇ.



ھەرقانداق بىر بالىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ يېـ
تىلىشىدە پاسسىپ ئامىل ۋە ئاكتىپ ئامىلدىن ئىبارەت
ئىككى خىل ئامىل گىرەلىشىپ كەتكەن ھەم بۇ ئامىللاردا
كەسكىن توقۇنۇش ماۋجۇت بولىدۇ. ئاكتىپ ئامىل، ياخـ
شى مۇھىت ـ شارائىت، توغرا، ئىلمىي بولغان تەربىيە
ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ پەرزەنتلەردە ياخشى ۋە يېڭى ئەخلاقىي
پەزىلەتلەرنىڭ يىلتىز تارتىشىغا، يامان قىلىقلاردىن غالىب
كېلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنى
ياخشى بولغان ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ. ناچار،
پاسسىپ ئامىل، ناچار مۇھىت ـ شارائىت، توغرا، ئىلمىي
بولمىغان ئائىلە تەربىيىسى بولۇپ، ئۇ بالىلارنى خاتا يولغا
باشلاپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل پاسسىپ
تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئۆز پەرزەنتلىرىدە
كۆرۈلگەن قىسمەن ناچار قىلىق، ناچار ئىللەتلەرنى كۆرـ
گەندە ئۇنى ئۇرۇپ ـ تىللىماي، ھاقارەتلىمەي، كەمسىتـ
مەي، بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشنى تۈگىتىشكە ماـ
ھىر بولۇشى لازىم. بەزى بالىلار گەرچە بەزىبىر ئەخلاقىي
تەلەپلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلسىمۇ،
لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا مۇخالىپ خاتالىقـ
لارنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇقەررەر.
چوڭلارغۇ ئەتراپىدىكى ھەسەتخورلارنىڭ ئۆزىنى كۆـ
رەلمەي قىلغان ھاقارەتلىرىگە، پىسەنت قىلماي، كۆكسىـ
قارىنى كەڭ تۇتۇپ، ئۆز غەلىبىسى بىلەن ئۆز دۈشمەنلىـ
رىنى مات قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز دوستلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېـ

تىشتەك ئالىجاناب خىسلەت بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا بولىدۇ. بۇ كارامەت ئېسىل چارە ۋە ئەپچىل ئۇسۇل، بىراق ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ تىل - ھاقارىتىگە داۋاملىق ئۇچراپ، روھىي ئازاب ئىچىدە قەلبى پۇچىلانغان سەبىي بالا، بۇ خىل ئائىلە مۇھىتىدىن چاچراپ چىقىپ قۇتۇلالمىغاچ، ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيىسى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم چىگىش ياكى توسقۇنلۇقنىڭ بارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دائىم تىل- ھاقارەت، ئۇرۇش، كەمسىتىش شارائىتىدا ياشىغان بالا قورقۇنچاق، جىمغۇر بولۇپ، بالىدا ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش كۈچىيىپ بارىدۇ، ھەتتا ياخشى ئىش قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار باللىرىدىكى بۇ خىل خاراكتېرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئائىلىدىكى جېدەل - ماجىرا، بىر - بىرىنى كەمسىتىشنى تۈگىتىشتىن تاشقىرى، بالىلار قەلبىدىكى ئۆزىنىڭ خاتا تەربىيىسى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان چىگىشنى تۈگىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، پەرزەنتلەردىكى ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ئىشەنچسىنى تىكلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئەخلاقىي ئىشەنچ مۇستەھكەم ئەخلاقىي كۆزقاراشتىن ئىبارەت. ئۇ ئاتا - ئانىلار بەرگەن ئىلمىي ئەخلاقىي تەربىيە ئاساسىدا



پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئەخلاقىي ھېسسىيات ھەم ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە تەربىيىسى ئارقىلىق بالىلاردا توغرا ئەخلاقىي قاراش تىكلىيەلىسە، بالىلاردىكى ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش خاراكتېرىنى تېزلا تۈزىتەلەيدۇ.

دېمەك، بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي ئىززەت - ھۆرمەتكە لايىق كىشىلىرى شۇ مىللەت ئىچىدىن چىققان پەيلاسوپلار، سىياسىئونلار، ئالىملار، كەشپىياتچىلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، پېداگوك، پسىخولوگ قاتارلىق ئېسىل زاتلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، غۇرۇر - ئېتىقادلىق، ۋىجدانلىق، مەرد، كەڭ قورساق، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن باش تارتمايدىغان ئەدەپ - ئەخلاق، شەرمھايا، ياخشى خاراكتېرگە ئىگە، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئوغۇل - قىزلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان ئاتا- ئانىلاردۇر.

## سەۋرچانلىق

ئەگەر بالىلار سەۋر - تاقەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىسا، سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىدۇ.

كونىلاردا: «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ»، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن ماقال بار. سەۋر - تاقەت كېيىنكى غەلىبىنىڭ ئاساسى. ھەرقانداق ئادەم ئۆزى باش-

لىغان ئىشىدا دەسلەپتىلا غەلىبە قىلىشى ناتايىن، مەغلۇبىيەتنى تەجرىبە - ساۋاق قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆز ئىشىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرسىلا ئۇ هامان غەلىبىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق. بىرەر كىشى سىزنى ئورۇنسىز خاپا قىلىپ قويغان بولسا، ۋە ياكى ناهەقتىن - ناهەق جەبىر - زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ، مەسىلىنىڭ تېگى - تەكتىنى سەۋرچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق چارە ئىزدەپ هەل قىلسىڭىز، چوقۇم قارشى تەرەپ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسىز.

ياشاشنى ئالدىنئالا پىلانلاشقا بولىدۇ، ئاما ئالدىنئالا غەم - قايغۇغا چۆكۈپ يېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا يېتىپ قالسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدىكى كۈنلەرنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە تېخىمۇ ئەهمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. مۇنداق بىر هەجۋىي رەسىمنى كۆرگىنىم ئېسىمدە: يەرشارى يېرىلغان. يېرىقنىڭ بىر چېتىدە بىر ئادەم ئېڭىشىپ دەرەخ تىكىۋاتىدۇ. ياندىن بايان بېرىلىدۇ: «زامان ئاخىر بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، بۈگۈن يەنىلا ئالما كۆچىتىمنى تىكىۋېرىمەن!» پاه، نېمىدېگەن خاتىرجەم ۋە بىپەرۋا ئادەم - هە... مانا بۇ هېكايىدىكى خاتىرجەملىك، كەلگۈسى ئۈچۈن ئالما دەرىخى تىكىش روهى سەۋر - تاقەتنىڭ كارامىتىدىن ئىبارەت.

ئاتا- ئانىلار، بولۇپمۇ مېهرىبان ئانىلار سەۋر - تاقەت، كەڭ قورساقلىقتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرگە ئۈلگە



بولالايدۇ.

مېنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلۇم ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق، سەۋر - تاقەتلىك هەم كەم سۆز، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان» بالا بولۇپ ئۆستى. چۈنكى، بىزنىڭ ئائىلىدە بالىنىڭ ئانىسى ئەنە شۇنداق كەڭ قورساق، ئەپچان، ئېغىر - بېسىق، سەۋر - تاقەتلىك ئايال ئىدى.

بۇ ئوغلۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، توي قىلىپ ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. پەرزەنتلىرى ناهايىتى تەرتىپلىك، ئوماق چوڭ بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ نەۋرىلىرىمگە مەستلىكىم كەلگەنسېرى بۇ ئائىلىنى تەتقىق قىلدىم. بىرقانچە يىل كۆزىتىش جەريانىدا بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتايىن ئىشىنىدىغان هەم كۆيۈنىدىغانلىقىنى، هەرقانداق ئىشنى با مەسلىهەت قىلىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىگە مېهىر - مۇهەببىتىنى هەقىقىي ئاتا قىلغانلىقىنى، پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا - ئانىنىڭ پىكرىنىڭ بىردەكلىكىنى، ئائىلىنىڭ ئاددىي - ساددا، پاكىز، رەتلىك باشقۇرۇلغانلىقىنى، ئاتا - ئانىنىڭ ئوخشاشلا ئەپچان، كەڭ قورساق، سەۋرچان ئىكەنلىكىنى، بالىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىنى شەرتسىز ئورۇنداپ، ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن رەت قىلىپ، ئاستا - ئاستا تەربىيە قىلىپ بالىلىرىنى قايىل قىلىدىغانلىقىنى، داۋاملىق دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئۇرۇش-تالاش قىلماسلىق، دوستلىرىغا يول قويۇش لازىملىقى هەققىدە تەربىيە بېرىپ تۇرغانلىقىنى هېس قىلدىم.

دېمەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىناقلىقى، ئاددىي- ساددا،
پاكىز ئائىلە مۇھىتى، ئىغىر ـ بېسىق، سەۋر- تاقەتلىك
خاراكتېرى بۇ ئىككى ئوغۇلنى سەۋر ـ تاقەتلىك تۇرمۇش
مۇھىتى بىلەن تەمىن ئەتكەچ، باللار سەۋرچان خاراكتېر
يېتىلدۇرگەن. دېمەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى،
ياخشى ئائىلە مۇھىتى، ئىلمىي بولغان توغرا ئائىلە تەربى-
يىسى باللارغا بەرگەن لىللا، توغرا باھاسى ئاكتىپ ئامىل
سۈپىتىدە رول ئويناپ، باللار قەلبىدە سەۋرچانلىقتىن
ئىبارەت پسخىك ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى زور
رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە
ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

## كۆيۈمچانلىق

ھەربىر پەرزەنت ئائىلىنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەننىڭ كېلە-
چىكى. قورساقتىن ئەمدىلا چۈشكەن بالىنىڭ يىغىسى ئۇ-
نىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنىڭ جاكارلىنىشى،
ئەگەر بىر بالا تۇرمۇشتا باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلى-
نىپ ياشىسا، ئۇ بالا ھەقىقەتەن كۆيۈمچان بولۇپ يېتىلى-
دۇ. بالىدىكى كۆيۈمچانلىقنىڭ يېتىلىشى ئالدى بىلەن
ئاتا- ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا
كۆيۈنۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بالا كۆيۈمچاد-
لىقىنى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇستازى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگىنى-
دۇ. كىچىك بالىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن نازۇك كېلىدۇ.
شۇڭا، بالا تەربىيىلەشتە ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن



دىققەت قىلىشى، پەرزەنتىنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىشى،
ئاددىي سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىمۇ بالىنىڭ زىتىغا كېرەك.
ئەقەللىيسى، باللارنى چاقىرغاندا ئىسمىنى تولۇق ئاتاپ
چاقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش
كېرەك. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا بالىنى نېمىدەپ چاقىرسا
باشقىلارمۇ دوراپ شۇنداق چاقىرىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىنى
قانچىلىك ئىززەتلىسە، باشقىلارمۇ خۇددى شۇلاردەك ھۆر-
مەتلەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش
ئۈچۈن ئاتا- ئانىلاردا يېتەرلىك ساپا، گۈزەل ئەخلاق -پەزى-
لەت ۋە كىرىزىس ئېڭى بولۇشى، مۇھىمى، پەرزەنت تەربى-
يىسىدە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈ-
رۈش كېرەك. تەلەپ بولمىسا تەربىيىمۇ بولمايدۇ. قاتتىق
تەلەپ قويۇش دېگىنىمىز، باللارنىڭ ناچار ئادەتلىرىگە يۈز
- خاتىرە قىلماسلىق، ئورۇنسىز تەلىپىنى قەتئىي رەت
قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك تۇرمۇش ئىنتىزامىنى
بۇزۇشقا يول قويماسلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئار-
قىلىق باللارنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلى-
دۇ. باللار ئەخلاقىي جەھەتتىن ساغلام يېتىلىدۇ. قاتتىق
تەلەپنىڭ ئۆزىمۇ باللارغا بولغان ھەقىقىي كۆيۈنۈشنىڭ
ئىپادىسى، باللارغا ئادىمىيلىكنى ئۆگىتىشنىڭ بىر خىل
يولى. ئەگەر بالا تەربىيىسىدە كۆيۈنۈشلا بولۇپ، تەلەپ
بولمىسا بۇنداق تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. باللارغا
ھەددى ـ ھېسابسىز كۆيۈنۈش ھەتتا ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى
قاندۇرۇش، پرىنسىپسىز يۈز ـ خاتىرە قىلىش، ئۆزى
قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش «كۆيۈ-
نۈش» ئەمەس، بەلكى بۇ بىر خىل خاتا تەربىيە ئۇسۇلى،
مۇنداق تەربىيە باللاردا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋې-

لىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش قاتارلىق ناچار ئىللەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا، پەرزەنت تەربىيىسىدە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەربىيەلەش ئۇسۇلى بىلەن بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقىشىمىز لازىم.

ئاتا - ئانىلار ئۆزى قىلىۋاتقان ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر قىلىق، ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىشلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇرچ تۇيغۇسىنى تولۇق يېتىلدۈرۈپ، قاتار چاي، رېستوران قىزغىنلىقىدىن قول ئۈزۈپ، بارلىقىنى بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە بېغىشلىسا، ئەقەللىيسى، بالىلىرىنى ئۆزى ئېمىتىپ، ئۆزى بېقىپ، ئۆزى تەربىيەلىسە، ئۇ بالا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ - دە، ئۇنىڭدا باشقىلارغا كۆيۈنۈش خاراكتېرى يېتىلىدۇ.

## ئۆز - ئۆزىگە كۆيۈنۈش ۋە مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

ئەگەر بىر بالا ئېتىراپ قىلىش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە كۆيۈنۈش ۋە مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

بالا تۇغۇلۇپلا ئاتا - ئانىسى بەرپا قىلغان ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولىدۇ. ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئىكەن، ئاتا - ئانا بولغۇچى ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭ



مەۋجۇتلۇقىنى، ھۆرمەتكە، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، چەتكە قاقماسلىقى كېرەك. ئاتا - ئانىلار ئۆزىدىن تارتىپ ئالاقىلىنىشىدىغان ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆز بالىسىنى ئېتىراپ قىلىشىنى، ئۇنى ھۆرمەتلىشىنى، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئالاقىدار ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، بالىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىش، ئىززەتلەش ئۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ ئەمەسكەن، بىراق دۆلىتىمىزدە كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلارنى كىچىك، ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. بۇ خىلدىكى مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بالىلاردا قورقۇنچاق بولۇپ قالىدىغان، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ئۈمىدسىز قارايدىغان، بىر ئىشنى مەجبۇرلىمىغۇچە قىلمايدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالىدىكەن. يەنە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئۆز ھەۋىسىنى كۆرسىتىشنى توغرا دەپ ھېسابلايدىكەن. بىراق، بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ ئىدىيىسىنى، تەپەككۇرىنى بوغۇپ قويىدىكەن.

دېمىسىمۇ، بالا ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئىكەن، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئالدى بىلەن بۇنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىشى، ئىنسانىي قىممىتىنى قەدىرلىشى، باشقىلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، كىچىك بالىسىغىمۇ شۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم. ئاتا - ئانىلار يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلـ

دۇرۇپ، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، توغرا، ئىلمىي بولغان ئائىلە تەربىيىسىنى يولغا قويسا، بالىلار بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ تۇرسا، ئەۋلادلىرىمىز تېخىمۇ پەزىلەتلىك، كۆتۈرۈڭگۈ روھلۇق، مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇپ يېتىلىشتىن تاشقىرى، مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

بالىلارنى ئورۇنسىز ئەيىبلەش، بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا تەنقىدلەشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلماسلىق، بالىلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈز - تۇرانە ئەيىبلەش بالىلار بىلەن ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدا «ئۆچمەنلىك» پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى، كەيپىياتى ھەمدە ئەتراپتىكى ئادەملەرگە قاراپ ئويلىنىپ ئىش قىلىش كېرەك.

ھەرقانداق ئادەمگە ئۆز قابىلىيىتىنى، ئىستىبداتىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت كېلىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەك. ھەر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئىستىبداتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەزى ئادەملەر كىچىككىنە ئىستىبداتىنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چاقناش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تولۇق ئىقتىدارى نامايان قىلىنىغاندا كىشىلەرنى كارامەت ھەيران قالدۇرىدۇ. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، بالىلارمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، تالانتى بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنىڭ قىزىقىشى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۇنى بىلىشى، چۈشىنىشى، بايقىشى، ئۆز پەرزەن-



تىدە كۆرۈلگەن كىچىككىنە قىزىقىش، ھەۋەسكە قارىتا ئۇنى ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ئۇنى بىخ ھالەتتىن يىلتىز تارتقۇزۇش، گۈللەپ مېۋە بېرىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىشى لازىم، شۇندىلا پەرزەنتلەر ئېتىراپ قىلىش مۇھىت - شارائىتىغا ئېرىشىپ، ئۆز - ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان ۋە مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىش كېرەككى: «ئۆز پەرزەنتىدىن ۋاپا ۋە مېھىر شەپقەت» كۈتكەن ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن ئۆز مېھىر- مۇھەببىتىنى، مېھىر - شەپقىتىنى بالىلىرىغا ئايماي تەقدىم قىلىشى كېرەك، ئاندىن ئۇلار كەلگۈسىدە بالىلىرىنىڭ قەدىرلىشى، مېھىر - شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. پەرزەنت ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشىپ ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىپ، مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنى ئۇرغىتالايدۇ.

## مەردانىلىك

جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، ئاددىي - ساددا ياشاش، تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئاددىي - ساددا مەنىلىك ياشاش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بۇ ئارقىلىق بالىلاردا مەردانىلىك خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلىشى لازىم.

ئائىلە تەربىيىسى دېموگراتىك ۋە تەلەپچان ئېلىپ
بېرىلسا، ئائىلە تىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشـ
قۇرۇلسا، ئاتا ـ ئانىلاردا «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش
شەرەپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش، كەيپ ـ ساپاغا بېرىـ
لىش نومۇس» دەيدىغان قاراش بولسا ھەمدە باللارغا بۇ
ئىدىيە سىڭدۈرۈلسە، قىسقىسى، باللار تۇرمۇشتا ئالاھىدە
بولۇۋالماسلىق مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ بالا مەردانىلىكنى
ئۆگىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل تەربىيىنى
باللاردا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلالايدىغان ئادەتنى يېـ
تىلدۈرۈشتىن باشلاش كېرەك. مەسىلەن، باللار مېڭىشـ
نى ئۆگەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا ئويۇنچۇقلىرىنى ئاسراش،
ئۆز جايىدا قويۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، كېيىنچە تامىقىنى
ئۆزى يېيىش ۋە كىيىمىنى ئۆزى كىيىش، ئۇخلاشتىن
بۇرۇن كىيىملىرىنى سېلىپ رەتلىك قويۇش، يۈز ـ قولـ
لىرىنى، پايپاقلىرىنى ئۆزى يۇيۇش قاتارلىق قابىلىيەتلىـ
رىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، باللارغا جاپاغا چىداش،
ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك پەزىلەتنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ.
لېكىن، باللارنىڭ بۇ خىل تەلەپلىرىنى بىراقلا ئورۇنداپ
كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا ئاتا ـ ئانىلار ئالدىـ
راپ كەتمەي، سالماقلىق بىلەن يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قولـ
لىنىشى كېرەك.

«ئاتا سۆزى» ناملىق ھېكايىدا مۇنداق دېيىلگەن:
«كىچىك ۋاقتىمدا ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە
ئاتامغا ئەگىشىپ كۆكتاتلىققا باراتتىم. ئاتام ئارام ئالغاندا



قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، يېڭىلا قىرلانغان
كۆكتاتلىققا خۇددى مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەندەك
مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قوياتتى. بىراق، ھازىر ئويلاپ
باقسام، شۇ چاغدا تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بەرگەنلىكتىن،
تېرىغان كۆكتاتلاردىن ئۆزىمىزگە يەتكۈدەك مول ھوسۇل
ئالالمايتتۇق. ئەمما، ئاتام بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي،
بۇرۇنقىدەكلا ئالدىراش ئىشلەيتتى. مەن بۇنىڭغا چىدىماي
ئاتامغا:

— بولدى كۆكتات تېرىمايلى، تېرىغانغا تۇشلۇق ھوـ
سۇل ئالالمىساق، — دەپ كايىسام، ئاتام ماڭا:
— مەن دېگەن دېھقان، يەردىن مول ھوسۇل چىقمىدى
دەپلا يەرنى ئاق قالدۇرسام بولمايدۇ، — دەيتتى.
مەن ئەسكەرلىككە بېرىپ 1- يىلى ھېچقانداق مۇكاپاتقا
ئېرىشەلمىدىم. بىر كۈنى بەنجاڭ مېنى تازىلىق قىلىشقا
بۇيرۇۋىدى، خۇشياقمىغان ھالدا ئىش باشلىدىم. بەنجاڭ
بۇنى كۆرۈپ مېنى قاتتىق تەنقىتلىدى. ئاخشىمى كارىۋاتتا
يېتىپ تۇيۇقسىز ئاتامنىڭ «يەردىن مول ھوسۇل چىقمىدى
دەپلا، يەرنى ئاق قالدۇرسام بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئېـ
سىمگە كەلدى. توغرا، مۇكاپات سانى چەكلىك بولغاچقا،
شەرەپ تاختىسىغا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىسمى چىقىشى ناتاـ
يىن. خىزمەت قىلىشتىكى مەقسەت مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ چېنىقتۇـ
رۇش ئۈچۈنغۇ! ئاتامنىڭ سۆزى ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا
قىلدى. ئەتىسى مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەنجاڭدىن

كەچۈرۈم سورىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، تىرىشىپ ئىشلەپ كەينى - كەينىدىن ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتىم... دەرۋەقە، بۇ بۆلەكتىن جاپاغا چىداپ ئىشلەش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ياشاش، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق مۇھىتىنىڭ پەرزەنتلەردە مەرد - مەردانىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ ئائىلە قورۇغا بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۆزى، ئايالى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئەتىياز كىرىشى بىلەن بۇ ئىنگلىز ئوقۇغۇچى ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىشىك ئالدىدىكى گۈللۈكتىن بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى چاناپ يۇمشىتىپ قۇم، ئوغۇت تۆكۈپ، ئۆيدىن سۇ توشۇپ سۇغىرىپ سەي كاۋىسى تېرىدى. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن تارتىپ مېۋە بەرگۈچە باللىرى سۇ توشۇپ سۇغىرىپ پەرۋىش قىلدى. سەي كاۋىلىرى چېچەكلەپ مېۋە بەردى. دەل مۇشۇ چاغدا بۇ ئىنگلىزنىڭ ۋاقتى توشۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولدى. ئۇ باللىرى بىلەن تېرىغان سەي كاۋىلىرىنى قولۇم - قوشنىلارغا قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

مەن ئويغا چۆمدۈم. بىنا ئۆيلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىمىزگە ئاش - تاماق سۇنۇش تۇگۈل، ئۇچراشقاندا سالام قىلىشقىمۇ چولىمىز تەگمەي



باش لىڭشىتىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان بىزدەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن، كىچىك باللىرى بىلەن مىڭ بىر جاپادا تېرىغان سەي كاۋىلىرىنى قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ يېيىشىگە قالدۇرۇپ كېتىۋاتقانلار بىر خىل مەرد - مەردانىلىك خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى.

كونىلار راست دەپتىكەن: «دېھقانلار جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىدۇ، ئاددىي - ساددا ياشايدۇ. بارغا قانائەت قىلىدۇ، مول ھوسۇل ئالغاندا تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋالمايدۇ، مول ھوسۇل ئالالمىسا، يەرنى تاشلىۋەتمەي، يەنە تېرىۋېرىدۇ. ئۇلار سېخىي، مەرد - مەردانە، ئۆزى يېمىسىمۇ مېھمانغا كەڭ يايىدۇ...» بىزنىڭمۇ يېزىدا دېھقان تۇغقانلىرىمىز، تونۇش - بىلىشلىرىمىز بار. تەتىل مەزگىلىدە ئۇلارنى يوقلاپ چىقىمىز، ئېلىپ چىقىدىغىنىمىز ئەرزان باھالىق بىر كىيىملىك رەخت، خالاس. ئېلىپ كىرىدىغىنىمىز سېۋەت - سېۋەتلەپ مېۋە - چېۋە، قاپ - قاپلاپ سەي - كۆكتات، يوغان - يوغان يېپىلغان نانلار، قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قوناقلار... بەش - ئالتە كۈنلۈك مېھماندارچىلىقتا شەھەردىن مېھمانلىرىمىز كەپتۇ دەپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي، ئېغىلغا كىرىپلا سەمرىگەن قويدىن بىرنى سويۇپ مېھمان قىلىشلىرى، ھەققەمسايىلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىشلىرى، يېزا ئارىلاپ سەيلە قىلىپ بېرىپ قالساق باغقا، قوغۇنلۇققا باشلاپ مېھمان قىلىشلىرى، قايتىشىمىزدا بىرقانچە قوغۇننى كۆتۈتۈپ قويۇشلىرى... بۇلارنى

ئويلىسام يۈزۈم لاپپىدە قىزىرىپ ئوت ئالدۇ. سەۋەب، شۇ يېزىلىق تۇغقانلىرىمىز ئۆيىمىزگە كېلىپ قالسا، بازارغا چىقىپ ئىككى كىلو گۆش ئەكىرىپ شورپا سېلىپ بەرسەكمۇ، ئۆيىمىزدە تۆت - بەش كۈن قوندۇرۇرالمايمىز. قولۇم - قوشنىلىرىمىزنىڭ چاقىرىپ مېھمان قىلىشىدىنغۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېھقانلاردىكى بۇ مەردۇ مەردانىلىك، مېھماندوستلۇق خۇلاسە قىلغاندا، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، ئاددىي - ساددا ياشاش، تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقتىن كەلگەن. دېمەك، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىجاناب پەزىلىتى، گۈزەل روھىي دۇنياسى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتلىرىدە مەردانىلىك خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇشى لازىم.

## سەگەكلىك

ئەگەر بالا ساپ تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ ياشاشنى ئۆگىنىدۇ.

ئۇنداقتا ساپ تۇرمۇش مۇھىتى يارىتقان ئائىلىلەر تۆۋەندىكى شەرتلەرنى هازىرلىغان بولىدۇ.

1) ئائىلە ساپ - سەمىمىي مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئىشىنىش، ھۆرمەت، ئۆزئارا يول قويۇش، كۆيۈنۈش بولغان، پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىجاناب روھ، ئىلمىي ۋە توغرا، ئاكتىپ بولغان ئائىلە تەربىيىسى



قانات يايدۇرۇلغان، مەدەنىيەتلىك، پاكىز، رەتلىك باشقۇرۇلغان بولىدۇ.

2) ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ئائىلە كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى، ئاتا - ئانىلار بالىلار بار جايدا ۋاقىراشمايدىغان، كۆيۈنۈش بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئائىلىدە بارلىق بالىلارغا، ھەتتا ئۆگەي بالىلارغىمۇ ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولغان بولىدۇ.

3) بالىلىرىنى ئىززەتلەيدىغان، بالىلىرىنىڭ دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەلسە قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالىدىغان بولىدۇ.

4) بالىلارغا دائىم ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغان، بىردەم سوغۇق، بىردەم قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدىغان، بالىلاردا ئازغىنە خاتالىق كۆرۈلۈپ قالسا ۋارقىراپ - جارقىرىمايدىغان، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولىدۇ.

5) ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە پىكىر بىرلىكى، تەربىيە بىرلىكى بولغان بولىدۇ.

6) ئائىلىدە دەم ئېلىش بىلەن ئىشلەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى ئىمكانبار ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن بىللە ئوينايدىغان، بىللە ساياھەت قىلىدىغان، بالىلارغا دۇنيانىڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ.

7) ئاتا - ئانىلار ئۆز ئەمەلىيىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى،

ئادىمىيلىكى بىلەن بالىلارغا ئۈلگە بولغان، بالىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان بولىدۇ ھەم بالىلاردا ئاتا - ئانىلىرىدا كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەرگە قارىتا تەنقىد بېرەلەيدىغان روھ يېتىلگەن بولىدۇ، بالىلار مانا مۇشۇنداق ئائىلىنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇشۇ خىل ساپ ئائىلە مۇھىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا قويغان تەلىپى توغرا، ئىنچىل بولغان بولۇشى، تەلەپ بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى، ئازراق نەتىجىسىنى كۆرۈپ ماختاپ ئۇچۇرماسلىقى، ئازغىنە كەمچىلىكىنى كۆرۈپ تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇرۇپ - تىللايدىغان بولماسلىقى، ئاتا - ئانىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى تۇراقلىق، قىزغىن، خۇشخۇي بولۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشى، بالىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىجادچانلىق روھىغا، سوئال سوراش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ تۇرۇشى، مۇھىمى پەرزەنتلەرگە ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشى لازىم.

ئادەم بولۇشنى بىلىش ئادەم ھاياتىدىكى بىرىنچى دەرس، چۈنكى بارلىق نەتىجە ئادەم بولۇشتىن كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۆز بالىسىنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ ئاتا - ئانا بولمىسا كېرەك. ھازىر بارلىق ئاتا - ئانىلار قەلبىدە ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلاش، ئۇنى مۇۋاپىق ياشاش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا ئارزۇ بار. بۇ ئارزۇ ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. بالىلارنى توغرا ۋە دەۋر ئېھتىياجىغا ماس



ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەش، چېنىقتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ياشاش جەريانىدا زۆرۈر بولغان ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى. مېنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئاتا- ئانىلار سەمىگە سۇنغۇم كېلىدۇ. «بىر ئادەم قاپاق تېرىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە يېڭى چۈشكەن قاپاقنى بېقىپ ياتىدىكەن، چۈنكى ئۇ ماڭا كېرىكى قاپاق دەپ ئويلايدىكەن، شۇڭا يۇپۇرماقلارنىڭ پىتلاپ كېتىشى بىلەنمۇ كارى بولماپتۇ. ئوغۇتمۇ بەرمەپتۇ، چۈنكى ئۇ، يوپۇرماق ئوغۇتنىڭ كۈچىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن، ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ قاپاقنىلا ئويلايدىكەن، نەتىجىدە قاپاق يوغىناش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى سېپىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ...» دەرۋەقە، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭغا ئادەم بولۇشنى ئۆگەتمىگەن ئاتا - ئانا خۇددى ئاشۇ قاپاق تېرىغۇچىغا ئوخشاش ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا بولغان تەربىيىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلىشى ھەمدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار سەگەك ياشاشنى بىلىدۇ ھەم ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى چىن ماھىتى بىلەن تونۇپ يېتەلەيدۇ. پەقەت مۇشۇ جەريان ئىچىدىلا يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەزا قۇرۇلمىسى ۋە ھەر خىل پسىخىكىلىق ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىرىنى

بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدۇ، دەيمىز. مەسىلەن، تىل ئەزاسى (تاۋۇش
چىقىرىش ئەزاسى) تۇغۇلۇشىدىنلا نورمال بولغان بالىلارمۇ
تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن ئۇچراش-
مىسا، ئاتا- ئانىلار ئۇلارنىڭ تىل.تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت
بېرىپ، توغرا تاۋۇش چىقىرىش (سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز
قىلىش)، تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش، سۆز - جۈملىلەرنى
توغرا ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك ئۆز ئوي - پىكرىنى ئىنز-
چىل، ئېنىق، توغرا، گۈزەل، مۇكەممەل ئىپادىلەشنى
ئۆگەتمىسە، بالا گەپ قىلىشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. دېمەك،
ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا
زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئائىلىدە
بالىلار ئۈچۈن ساپ تۈرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ،
ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ ياشاش ئادىتىنى يېتىل-
دۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم.

## ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىش

بالا ئىلھاملاندۇرۇش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ ئۆزىگە ۋە
باشقىلارغا ئىشىنىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.
پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، با-
لا تۇغۇلۇشىدىنلا تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. بالىنى
بېقىش ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان
ئاتا- ئانىلار بالىدىكى بۇ تۇغما ئىقتىدارنى ۋاقتىدا بايقاپ،
ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ،
ۋاقتىدا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۆزىگە ۋە باش-



قىلارغا ئىشىنىشتەك ياخشى خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىگە
ياردەم بېرىشنى بىلىشى كېرەك.
بالىنىڭ يېشىغا تېگىپ ئۆملىشى، تامنى تۇتۇپ مې-
ڭىشى ۋە مۇستەقىل مېڭىشقا باشلىشى، دەسلەپكى تىلى
قاتارلىقلار تېخى ئەقلى توشمىغان بالىدا كۆرۈلۈۋاتقان تۇغ-
ما قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار بولۇپ، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىغا
ئىلھام بېرىشى، دەسلەپ تىلى چىققان بالىنى مۇشۇ مىنۇت-
تىن باشلاپ ئېنىق، توغرا، گۈزەل سۆزلەشكە رىغبەتلەن-
دۈرۈشى، ئەركىلەتكەندە تىل - تاۋۇشلىرىنى تولۇق، ئەي-
نەن تەلەپپۇز قىلىشى، سۆزلەرنى بۇزۇپ ئەركىلەتمەسلى-
كى، بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈ-
شى كېرەك. بالا چوڭايغانسېرى بەزى ئىشلارنى ئۆزى مۇس-
تەقىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بالىغا يول
قويۇشى، توغرا بېجىرگەن ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام
بېرىشى، توغرا قىلالمىغان سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى
ئىلمىي ئاساستا سەۋرچانلىق بىلەن تۈزىتىشى، ئۇلگە كۆر-
سىتىپ ياردەم بېرىشى كېرەك.
دەرۋەقە، بالىلارنى ئۆز- ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىد-
نى قەدىرلەيدىغان، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن، يالغۇز ئىلھام بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا،
بالىلار تەربىيىسىدە ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادە-
مىيلىكىنى جارى قىلىپ، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قە-
دىرلەش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىش جەھەتتە
پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى، بالىلارغا قاتتىق تەلەپ قو-

يۈش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشى ھەم تەلەپ بىلەن
تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشى، ئىجابىي تەربىيىنى ئاساس قى-
لىپ، ئاكتىپ يېتەكلەشنى بىلىشى كېرەك.

ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى بالىلارغا
ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ.
ئاتا - ئانىلار ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۈلگە كۆرسەتسە،
بالىلاردا ياخشى ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە كۆزقاراشنى يېتىل-
دۈرەلەيدۇ. قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىر-
لەشتۈرۈۋەتكەندە ياخشى بىلەن يامان، گۈزەللىك بىلەن
سەتلىكنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلىدۇ. تەقدىرلەشكە تې-
گىشلىك بولغان تەرەپلەر تەقدىرلىنىپ، ئىلھام بېرىش
مۇۋاپىق، دەل جايىدا بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ ئارقىلىق
بالىلارغا ئىلگىرىلەش نىشانى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىجابىي
تەربىيىنى ئاساس قىلىپ ئاكتىپ يېتەكلىگەندە، بالىلارغا
قارىتىلغان ئەخلاقىي تەربىيىدە قائىدە سۆزلەش بىلەن ئە-
مەلىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى
بولىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىلار چىڭ تۇتۇلسا، بالىلاردىكى
ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ياخشى خىسلەتنى يې-
تىلدۈرگىلى، ئىلھاملاندۇرۇش، مەدەت، ياردەم بېرىش
ئارقىلىق بالىلارنىڭ قەلبىدە «مەن بۇ ئىشنى قىلالايدىكەن-
مەن، بۇ ئىشنى ياخشى قىلغان ئىكەنمەن، باشقا ئىشلارنى-
مۇ چوقۇم قىلالايمەن» دېگەن تۇيغۇنى ھەم ئۆز - ئۆزىگە
ئىشىنىش، مۇستەقىل ئىش قىلىش، قىلىۋاتقان ئىشىدا
چوقۇم غەلىبە قىلىش، باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋام-



لاشتۇرۇش، قەتئىي ئىرادە تىكلەشتەك ياخشى خىسلەتلەر-
نى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل خىسلەت بالىلاردا ئۆز
- ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشتىن باشقا،
بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئاجايىپ چوڭ مۆجىزىلەرنى يارىتى-
شى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلىيالايدۇ.

ھەممە ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
ئەمما، بەزى كىشىلەر ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن ئىشنى نەدىن باشلاشنى ئاڭقىرالماي، بىر ئۆمۈر
تېپىرلاپ، ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. يې-
قىندا مەن مۇنداق بىر ئەسەرنى ئوقۇپ زور ئىلھام ئالدىم.

بىر ئوقۇغۇچى رەسىم سىزىش، گارمون چېلىش، سۇ
ئۈزۈشكە ئوخشاش ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئى-
كەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ بۇ ماھارەتلەرنىڭ بى-
رىدىمۇ پىشىپ يېتىلەلمەي، ئاقىۋەت ئوقۇشىغىمۇ تەسىر
يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى بىر ۋارونكا ۋە بىر
ئۈچۈم كۆممىقوناق دېنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى
قولىنى ئېچىپ ۋارونكىنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيى-
تىپتۇ. دادىسى ئاۋۋال بىر سىقىم كۆممىقوناق دېنىنى
ۋارونكىنىڭ ئىچىگە تۆكۈپتۇ، دان كۆپ بولغاچقا، ۋارون-
كىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكتىن ئۇنىڭ قولىغا بىر تالمۇ دان
چۈشمەپتۇ. دادىسى يەنە كۆممىقوناق دېنىنى ۋارونكىغا
بىردىن - بىردىن تاشلىغانىكەن، ئۇنىڭ قولىغا كۆممىقوناق
دېنى تورۇكلاپ چۈشۈپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا مەنىلىك قى-
لىپ: «سېنى ۋارونكىغا ئوخشاتساق، مۇبادا سەن كۈندە

بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا تىرىشساڭ، 365
كۈندە ئۈنىڭدىن زور ئۈنۈم ھاسىل قىلالايسەن» دەپ ئىلھام
بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ دادىسىنىڭ دېگىنىنى
ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، رەسىم سىزىش ماھارىتىنى ھەر
كۈنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئاخىر داڭلىق رەسسام
بولۇپ يېتىشىپتۇ.

## تەشەككۇر ئېيتىشنى ۋە دۇنيانىڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىش

ئەگەر بالىنىڭ تۇرمۇشى مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە
ئۆتسە، ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، باشقىلار-
نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆرگەندە تەشەككۇر ئېيتىشنى ۋە
بۇ دۇنيانىڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىش خاراكتېرى-
نى يېتىلدۈرىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى
باشقىلارغا، يەنى ئىنسانىيەتكە قىلغان ياخشى ئىشى بىلەن
قەدىرلىكتۇر. ئۇيغۇرلاردا: «دۇنيادا بىر ياخشىلىق ئۇن-
تۇلمايدۇ، بىر يامانلىق» دېگەن ماقال بار ھەمدە «دۇنيادا
مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈگە نام قالدۇرۇش
مۇمكىن» دېگەن ھېكمەتمۇ بار. توغرا، ھەرقانداق ئادەم
ھايات سەپىرىدە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ھېچبولمى-
غاندا ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ يامانلىق قىلماي، ۋىجدان
بىلەن ياشىسا بولىدۇ.



بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز مۇرەككەپ جەمئىيەتتە ۋە
جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولغان خىلمۇخىل ئائىلە مۇھى-
تىدا ياشايدۇ. قىسقىسى، دۇنيا بىر ئىمتىھان مەيدانى،
ئىنسان بولسا ھەم ئىمتىھان بەرگۈچى، ھەم باھالىغۇچى-
دۇر. پەرزەنت ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ بىر ئەزا-
سى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆز
ئەتراپىدىكى، ئائىلىسىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە ياشى-
غاچقا، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ يۇمران
قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل خاراكتېر
يېتىلدۈرۈشىگە سەۋەب بولماي قالمايدۇ.

بالا تەربىيىسىدە تەجرىبىسى بار، ئىلمىيلىققا ئىگە
ئائىلىدىكى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ، بالىلىرىغا
باشقىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆرگەندە تەشەككۇر ئېي-
تىشنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ دۇنيانىڭ ئىللىق
ماكان ئىكەنلىكىنى بالىلارغا تونۇتىدۇ.

ئۇزاق ياشاشتىن كۆرە، ئادەمدەك ياشاشنى بىلگەنلەر
كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى قەلبىگە پۈكۈپ، باشقىلار-
غا ياخشىلىق، ياردەم قىلىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشال-
لىق ھېسابلايدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە
باشقىلار بىر ياخشىلىق ئۈچۈن 10 ھەسسە ياخشىلىق قايتۇ-
رىدۇ. ياخشىلىق قايتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ياخشىلىق-
نى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، چىن كۆڭلىدىن تەشەككۇر
ئېيتىدۇ.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كېچىسى، بىر نېگىر مومايىنىڭ پىكاپى يولدا بۇزۇلۇپ قاپتۇ. يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن موماي بىرەر ئاق كۆڭۈل شوپۇرنىڭ ئۆزىنى ئالغاچ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا تىت - تىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ بىرىمۇ توختىماپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ موماي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغاندا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ياش مومايىنى ماشىنىسىغا سېلىۋاپتۇ، ئاندىن ماي قاچىلاش پونكىتىغا كەلگەندە مومايىنى تاكسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا، موماي ھېلىقى ياش شوپۇرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئادرېسىنى يېزىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ھېلىقى ياش شوپۇر ھەيرانلىق ئىچىدە ئىنتايىن ئېسىل تېلېۋىزوردىن بىرنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. تېلېۋىزورغا يەنە «يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن. سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە، سەكراتتىكى ئېرىم بىلەن دىدارلىشىۋالدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر كارتۇشكا قىستۇرۇلغۇق ئىكەن.

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم نۇرغۇنلىغان موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ، بولۇپمۇ ناھايىتى جىددىي ۋاقىتلاردا زۆرۈر ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان ئازغىنە ياردىمى ياردەمگە ئېرىشكۈچىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان، ھايات مۇساپىسىنى ئۆزگەرتىشكە



تۈرتكە بولىدىغان، ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن ئىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گەپ ئاشۇ ياردەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلىنىش - قىلىنماسلىقىغا باغلىق. ئەگەر ھېلىقى شوپۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا كېتىۋېتىپ، «بۇ قېرى مومايىنى ماشىنامغا سېلىۋېلىپ، ئۆزۈمگە نېمىشقىمۇ ئاۋارىچىلىك تاپارمەن» دەپ ئويلاپ كېتىپ قالغان بولسا، بىچارە موماي دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا بارالماي، ئېرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشالمىغان بولاتتى، ياش شوپۇرنىڭ مۇنداقلا قىلىپ قويغان ياردىمى، مومايىنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگەن بولسا، ياش شوپۇرمۇ قىلغان ئىشىغا تۇشلۇق جاۋابقا ئېرىشكەن.

بۇ دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت ئارقىلىقلا كىشىگە تولىمۇ گۈزەل تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشى، باشقىلارنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ ياردەم تەلەپ قىلغاندا، دەل ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، ياخشىلىقىغا مۇيەسسەر بولغاندا ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشى، باشقىلارنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئاڭلىسا، ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشى، بولۇپمۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئازغىنە ياخشى ئىشلىرىنى كۆرگەندە دەرھال ئۇنى ماختاپ رىغبەتلەندۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق بالىدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ياردىمى، قوللىشى، ياخشىلىق قىلىشىغا يولۇققاندا ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

بالىلارغا بۇ دۇنيانىڭ ئىللىق ماكان، گۈزەل ماكان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە گۈزەللىك تەربىيىسى بېرىشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. گۈزەللىك تەربىيىسى گەرچە ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيىدە بالىلار قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق قايىل قىلىنسا، گۈزەللىك تەربىيىسىدە ھېسسىيات ئارقىلىق قايىل قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، سىرتقى شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن بالىلار تۆت ئايلىق بولغاندىن باشلاپلا مۇزىكا ئاۋازىغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. بىر ياشلىق بولغاندا رەڭلىك كىيىملەرگە قىزىقىدۇ، ئىككى ياشلىق بولغاندا كىيىم - كېچەك تاللاش ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ. بەش ياشلىق بولغاندا ئۆزىگە ياققان رەڭلەردىن ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ، گۈزەللىككە بولغان بۇ خىل ئىنتىلىشنى توغرا يېتەكلەپ، بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ يېتىلىشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئەگەر بالىلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى توغرا يېتەكلەنسە، بۇ ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ گۈزەل ھەم ناھايىتى ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش، مۇھىتنى ئاسراش، بايلىقنى تېجەش، تەبى-



ئەت بىلەن بىللە ياشاش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

بالىلارغا قارىتىلغان گۈزەللىك تەربىيىسىدە قەلبى، سۆزى، ھەرىكىتى، مۇھىتى گۈزەل بولۇش تەربىيىسىنى قوشۇپ ئېلىپ بېرىش لازىم. بالىلارنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش ھېسسىياتىنى ۋە تەبىئىي گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، باغچىلار، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلار، ساياھەت رايونلىرى، كۆرگەزمىخانىلار، قەدىمكى ئاسارئەتىقە رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتىش، سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇش، بالىلارنىڭ بۇ جەرياندا سورىغان سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بېرىپ، بالىلارنىڭ پەننىي بىلىمگە قىزىقىش، تەبىئەتنى، دۇنيانى بىلىشتەك ئارزۇسىغا بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، بالىلارنىڭ تەبىئەتنى كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىگە قىزىقىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردا ئەمگەك، ئەمگەكچى خەلق، ۋەتەن، ئائىلىنى سۆيۈش، بۇ دۇنيانىڭ گۈزەل ھەم ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىش ھېسسىياتىنى ۋە خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەت گۈزەللىكنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، شۇڭا بالىلارنى كىنو - تىياتىر كۆرۈش، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاش، ئۇسۇل ئويناشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش، گۈزەللىكنى پەرقلەندۈرۈش ۋە گۈزەللىكنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۇ ئانىسى بىلەن يەنە تاكاللىشىپ قېلىپ، يۈگۈرگى-

نىچە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى، خېلى ئۇزاق ماڭغاچقا، ئۇ
ئالدى تەرەپتىكى تاماقخانىنى كۆرۈپ قورسىقىنىڭ ئاچقان-
لىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر تىيىنمۇ
چىقمىدى. تاماقخانا خوجايىنى ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ:
—بالام، تاماق يېگۈڭ بار ئوخشىمامدۇ؟— دەپ سو-
رىدى ئۇ.
— مەن پۇلنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،— دېدى قىزچاق
بىرئاز خىجىل بولغان ھالدا. موماي:
— ھېچقىسى يوق، مەن نېسىگە بېرەي،— دەپلا بىر
چىنە چۆچۈرە ئەكېلىپ بەردى. قىز چۆچۈرىنى ئىچىۋېتىپ
يىغلاپ كەتتى:
— سىزگە نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى موماي.
— مەن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كەتتىم. بىز تونۇشمى-
ساقمۇ، سىز ماڭا ياخشىلىق قىلىۋاتىسىز، بىراق مېنىڭ
ئانامچۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالسام ئۇ مېنى
قوغلىۋەتتى،— دېدى. موماي سالماقلىق بىلەن:
— بالام، مەن پەقەت ساڭا بىر چىنە چۆچۈرە بەردىم،
سەن بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتىسەن، ئۇنداقتا ئا-
ناڭ 10 نەچچە يىل تاماق ئېتىپ بەرسە، نېمىشقا ئۇنىڭغا
مىننەتدارلىقىڭنى بىلدۈرمەيسەن؟— دېدى. قىز بۇنى ئاڭ-
لاپ ھاڭتاڭ قالدى.
قىز تامىقىنى ئىتتىك يەپلا ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ مەھەل-
لىگە كەلگەندە قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ يولدا
ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئانىسى
ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال ھالدا:
— چاپسان كەل، تاماق تەييار بولدى. قورۇمىلار
سوۋۇپ كەتتى،— دېدى. قىز كۆزىگە يەنە ياش ئالدى...



دەرۋەقە، بەزىدە بىز باشقىلارنىڭ كىچىككىنە شەپقەت-
لىرىگە توختىماي تەشەككۇر بىلدۈرىمىزيۇ، ئۆز ئاتا -
ئانىلىرىمىزنىڭ شاپائىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە
سالىمىز.
قىسقىسى، ئاتىلار كۆيۈمچان، ئانىلار مېھرىبان، با-
لىلار ئىرىشچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق
بولسا ئائىلە جەننەتكە ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئائىلىدە مېھىر-
مۇھەببەتنىڭ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. بۇنداق مې-
ھىر - مۇھەببەتكە تولغان ئائىلىدە ياشىغان بالا بۇ دۇنيانىڭ
ئەڭ ئىللىق، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان گۈزەل
ماكان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## يالغانچىلىق

سۆز - ھەرىكىتىدە يالغانچىلىق ئارىلىشىپ تۇرىدىغان
ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىسىدە بىردەك-
لىك بولمىغان ئائىلە شارائىتىدە ياشىغان بالا يالغانچى
بولۇپ قالىدۇ.
باللار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يالغان سۆزلەشنى ئۆ-
گىنىپ چۈشمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى
ئېلىپ چۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچقانداق بالا يالغانچى،
ساختىپەز، مۇغەمبەر، راستچىل ياكى ئادىل بولۇپ تۇغۇل-
مايدۇ. بىلىش كېرەككى، يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ قەلبى
گويا بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ
چىرايلىق رەسىملەرنى سىزغىلى، چىرايلىق خەتلەر بىلەن

گۈزەل ئەسلىمە، ئىلىم - ھېكمەت دۇردانىلىرىنى يازغىلى بولىدۇ.

بالىلار ئائىلىدە ياخشى تەربىيىلىنىپ، ياخشى يېتەكلەنسە، ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىپ، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەت، ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. بالىلارنىڭ ياخشى-يامان، راستچىل ياكى يالغانچى بولۇپ چوڭ بولۇشى ئائىلە تەربىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار چۈشىنىدۇ.

بالىلارنىڭ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

1) بالىلارنىڭ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىنىپ قېلىشىغا بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنى خۇش قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئازار يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بەزى يالغان سۆزلەرنى قىلىپ قويىدۇ - دە، ئۇنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. گۆدەك بالىلارنىڭ قەلبى پاك، كۆڭلى تۈز بولىدۇ. روھىي كەيپىياتىنى يوشۇرۇشنى بىلمەيدۇ. مەقسەتلىك ھالدا يالغان سۆزلەشنى، يالغاننى توقۇپ چىقىرىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. يالغان سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتنى، ئائىلىدىكى ناچار مۇھىت، توغرا بولمىغان تەربىيە ئۇسۇلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، گۆدەك بالىلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، مەسىلىلەرگە كۆپىنچە يۈزە قارايدۇ. دورامچىلىق خۇسۇ-



سىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلار ئالدىدا يالغان سۆزلىمەسلىكى، سۆز - ھەرىكىتىگە ئەسلا يالغاننى ئارىلاشتۇرماسلىقى، بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزسە، يالغان سۆزلەپ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ياپماسلىقى كېرەك.

2) بالىلار ئالدىدا يالغان ۋەدە بېرىش ۋە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق. دەرۋەقە، ئاتا ئانىلار بالىغا ۋەدە بەرگەن ئىكەن، ھەرقانداق ۋەدىدە چوقۇم چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

... ئادەتتە خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتىدىغان بىر ئاتا نيۇروكقا دوستىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. توغرا كەلگەندەك، شۇ كۈنلەردە قىزىنىڭ مەكتىپىنىمۇ تەتىلگە قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ جۈمەدىن يەكشەنبىگىچە بولغان ۋاقىتنى قىزىغا ھەمراھ بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ نيۇروكتىكى ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنى ئامېرىكىنىڭ بايلىرى ئولتۇراقلاشقان ئارالغا كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن، يەنىلا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن دوستلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، «قىزىم بىلەن كېلىشىپ قويۇپتىمەن، ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويسام بولمايدۇ» دەپتۇ. كېيىن، قىزى ھاياتىدا ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. چۈنكى دادىسى ئۇ ئەڭ موھتاج بولغاندا ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىغانىدى.

3) ئائىلە تەربىيىسىدە تەربىيە تەلىپى بىردەك بولماسلىق. بىردەك بولۇش دېگەنلىك، ئائىلە تەربىيىسى،

مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ بىردەكلى-
كىنىلا ئەمەس، بەلكى ئائىلە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاتا-
ئانىلارنىڭ ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرى، چوڭ ئانا، چوڭ
دادا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلى-
تى، يەنى ياخشى خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە قويغان
كونكرېت تەلەپلىرىدە بىردەكلىك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇنداق بىردەكلىك ئائىلە تەربىيىسىدە ئىنتايىن مۇھىم.
ئەگەر تەلەپ بىردەك بولمىسا، بالىلار نېمىنىڭ توغرا،
نېمىنىڭ خاتا، قايسىنىڭ مۇۋاپىق، قايسىنىڭ نامۇۋاپىق،
قايسىنىڭ راست، قايسىنىڭ يالغان، قايسىنىڭ توغرا ھە-
رىكەت ئۆلچىمى، قايسىنىڭ خاتا ھەرىكەت ئۆلچىمى ئىكەن-
لىكىنى پەرق قىلالمايدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىگە ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئانا تەربىيە قىلىۋاتقاندا، ئاتا
بولغۇچى ئانىنىڭ پىكرىنى قوللىشى، ئەگەر ئىككى تەرەپ
ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇپ قالسا، بالا يوق جايدا چىرايلىق
پىكىرلىشىپ ھەل قىلىش كېرەك.

بەزى بالىلار خاتا ئىش قىلىپ قويغىنىدا ئاتا - ئانىسى-
نىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقۇپ، يالغان گەپنى ئويدۇرۇپ
چىقىدۇ - دە، بۇ ئارقىلىق باشقىلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ.
مانا بۇ ئۇلارنىڭ جازاغا تارتىلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى قوغ-
داشتىكى ۋاستىسىدۇر. بۇ خىل ئىللەتنىڭ كېلىپ چىقى-
شىدىكى سەۋەب يەنىلا ئائىلە تەربىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.
بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرى سەللا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ
قويسا، ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىدۇ. بالا تەن جازاسىدىن



قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا - ئانى-
لار بالىلارغا تەن جازاسى بەرمەسلىكى كېرەك. تەن جازا-
سى بېرىش بالىلارنى راستچىل قىلىشنىڭ ياكى يالغان
سۆزلىمەسلىككە كۆندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئە-
مەس. ئەكسىچە، تېخىمۇ يالغانچى بولۇپ كېتىشىنىڭ سە-
ۋەبكارى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇش، ئويلاش ۋە تەپەككۇر
قىلىش جەھەتتىكى خاتالىقلىرىمۇ بەزى ھاللاردا قىلغان
سۆزىنىڭ پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن سۆزى يالغان بولۇپ قالىدۇ.
بۇنداق يالغان سۆزلەر مەقسەتلىك ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان
بولماستىن، بالىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات سەۋىيە-
سىدىكى يېتەرسىزلىكتىن پەيدا بولغان. بالىلار بىرەر
سۆزنى ئاڭلىغان، بىرەر نەرسىنى كۆزەتكەن ياكى بىرەر
شەيئىنى بىلگەندە، ئۇنى تولۇق، روشەن ئەستە قالدۇرۇپ
كېتەلمەيدۇ. ئەستە قالدۇرغاندىمۇ بەزىدە خاتا ئەستە قالدۇ-
رۇپ قالىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خىياللىرىنى ئارىلا-
شتۇرۇپ قويىدۇ. يەنە ئۇلاردا سۆز بايلىقى كەم بولغاچقا،
شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي تەرىپىنى توغرا، ئېنىق، ئىنچىكە،
گۈزەل ئىپادىلەپ بېرەلىشى قىيىن. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار-
نىڭ سۆزلىرىدە خاتالىقلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھ-
ۋال ئاستىدا ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ سۆزىنى سەۋرچانلىق
بىلەن ئاڭلاپ، ئانالىز قىلىشى، خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ،
بالىلارنى شەيئىلەرنى توغرا كۆزىتىش، توغرا ئىپادىلەشكە

يېتەكلىشى، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى تولۇق
كۆزىتىش، توغرا ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشىگە
ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىنىپ
قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى بۇ
جەھەتتە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار
بالىلار ئالدىدا دېگەن گېپى ۋە ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل
قىلىشى لازىم. ئەگەر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ۋەدە-
سىنى ئورۇندىيالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلسە، بالىغا سەۋە-
بىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشى، شارائىت يار بەرگەندە
چوقۇم ئورۇندىشى كېرەك. قىسقىسى، ئاتا - ئانىلار سە-
مىمىي، راستچىل بولۇشى، زىنھار يالغان سۆزلىمەسلى-
كى، ئائىلە ئەزالىرى، قولۇم - قوشنىلىرى، خىزمەتداش-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ يالغان سۆزلەپ
بىر - بىرىنى ئالداشتىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم. چۈن-
كى، سەمىمىيلىك — ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى. سەمىمىي
بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش — ھەربىر ئىنسان ئادەم بولۇشتا
ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى
ئەزەلدىنلا «سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش» تەك ئەن-
ئەنىۋى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە. بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەت-
نىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپى سەمىمىيلىك بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. ھەممە ئادەم سەمىمىيلىككە موھتاج. ناۋادا ھەممى-
مىز سەمىمىي بولالىساق، تۇرمۇشىمىز بەختلىك، جەمئى-
يەت ئىناق ۋە مەدەنىي بولىدۇ. ئەل روناق تېپىپ گۈللەي-



دۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا راستچىل، سەمىمىي
بولۇشنى ئۆگىتىشى، يالغان سۆزلەشتەك ناچار ئىللەتنىڭ
بالىلار خاراكتېرىدە كۆرۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى،
بالىلاردا يالغانچىلىق قىلغانلىقى سېزىلگەن ھامان تەربىيە-
نى كۈچەيتىش ئارقىلىق تۈزىتىشكە تىرىشىش كېرەك.
بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بالىنىڭ يالغان سۆزلىشىگە سەۋەب
بولغان ئامىلنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن كېسەلگە قاراپ
دورا بېرىپ، بالىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە سەمىمىيلىك
كۆرۈلگەن ھامان ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، ئىلھاملان-
دۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

# بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بىلىملەرنى قانداق ئىگىلە- تىش كېرەك

ئەخلاقىي بىلىم ياخشى - يامان ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆلچى-
مى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ
بالىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ھامان
ئۇلارنىڭ بىلىشى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالى-
لار ئۈچ ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا ئېغىدا ئەخلاقىي بىلىش
(ئەخلاقىي ئۇقۇم ياكى چۈشەنچە) بىلەن ئەخلاقىي باھا
ئىپادىلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل
ئەخلاقىي بىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ توغرا تەربىيىسى ۋە
يېتەكلىشى بىلەن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

بالىلار ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاقىي بىلىشنى ئىپادىلىگەن
«بولىدۇ» ، «بولمايدۇ» ، «يامان» ، «ياخشى» دېگەن
سۆزلىرىدىن باشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىنى،



ئادەم بولۇشنىڭ ئۆلچىمىنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق-
نىڭ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ، ھەق بىلەن ناھەق-
نىڭ، سەمىمىيلىك بىلەن ساختىپەزلىكنىڭ، ھۆرمەت بى-
لەن ساختا تەكەللۇپنىڭ، شوخلۇق بىلەن ئۆز مەيلىچە
ئىش قىلىش... لارنىڭ چەك - چېگرىسىنى بىلىش جەريانى-
دا، ئاندىن ئۇلاردا توغرا ئەخلاقىي كۆزقاراش شەكىللىنى-
دۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئاڭلىق ھەرىكەت ۋۇجۇدقا
كېلىدۇ.

پسىخولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بالىلارنىڭ ئەخلاق-
سىز قىلىقلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي بىلىمى-
نىڭ يوقلۇقى ياكى كەملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تونۇشى-
نىڭ كەملىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

گۈزەللىك تەربىيىسى گەرچە ئەخلاق - پەزىلەت تەربى-
يىسىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، بىراق ئۇ، ئەخلاقىي
تەربىيىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەخلاقىي تەربى-
يىدە بالىلار قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق قايىل قىلىنىدۇ.
گۈزەللىك تەربىيىسىدە بولسا ھېسسىيات ئارقىلىق قايىل
قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئارقىلىق بالى-
لارنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
گۈزەللىك تەربىيىسىدىن قول سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.
ئاتا- ئانىلار ئائىلىدە بالىلار بىلەن بىرگە تېلېۋىزور كۆ-
رۈش، رادىئو ئاڭلاش، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاش ۋە بالىلارغا
خاس ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كىتابتىن ئوقۇپ بېرىش، ئۆي-

لەرنى بېزەش، كىيىم - كېچەك نۇسخىلىرىنى تاللاپ مۇۋاپىق كىيىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بالىلارغا خاس گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

بالىلارغا قارىتىلغان گۈزەللىك تەربىيىسىدە ئالدى بىلەن قەلبى گۈزەل بولۇش، سۆزى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش ۋە مۇھىتى گۈزەل بولۇشتىن ئىبارەت تۆتتە گۈزەل بولۇش مەزمۇن قىلىنىشى، بۇ خىل تەربىيە كونكرېت، ئوبرازلىق ۋە بالىلار قوبۇل قىلالايدىغان سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بالىلارغا قارىتىلغان گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇلاردا گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش ۋە گۈزەللىكنى يارىتىش، شۇنىڭدەك گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ساغلام بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ جانلىق ئوبراز ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىپ، خۇشاللىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بەخش ئېتىدۇ. بالىلار تۇيغۇدىن بىلىشكە ئۆتىدۇ. قەلبىدە گۈزەللىككە ئىنتىلىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئەخلاق - پەزىلەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندە، ئەخلاق - پەزىلەت بىلىملىرى بىلەن گۈزەللىك تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بىلىملەرنى ئۆگىـ



تىشنى يالغۇز گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، بالىلاردا گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، گۈزەللىكنى سۆيۈش تۇيغۇسى يېتىلگىنى بىلەن پسىخىك ساپا بولمىسا بولمايدۇ. بالىلاردىكى پسىخىك ساپانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي تەربىيىنى گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن سىرت، بۇ خىل تەربىيىنى بالىلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىتىدىغان پسىخىك تەربىيە بىلەنمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالا تەربىيىلىگەندە، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، پسىخىك ساپا يېتىلدۈرۈشكە سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، پسىخىك ساپانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. پسىخولوگلار بۇ ھەقتە بەش ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىجەزى ئوسال بالىلار 15.72% نى، غەلىتە مىجەزدىكىلەر 4.8% نى، ھاڭۋاقتى مىجەزدىكىلەر 28.38% نى، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدىغانلار 9.02% نى، ئىجتىمائىي باردى - كەلدىدە نورمال ئەمەسلەر 2.8% نى، كەيپىياتىدا توسالغۇ

بارلار %10.23 نى، ئىقتىدارى تۆۋەنلەر %0.66 نى ئىگىد-
لىگەن. .بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمى بالىلارنىڭ
ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا شەكىللەنگەن بولسا، يەنە
بىر قىسمى بالىلارنىڭ يېتىلىۋاتقان مەزگىلىدە جەمئىيەت-
تىكى ئالاقە داۋامىدىكى نۇرغۇنلىغان پسىخولوگىيىلىك تو-
قۇنۇش ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالماسلىقتىن كېلىپ چى-
قىدىكەن. بالىلارنىڭ كاللىسىدىكى مۇشۇنداق زىددىيەت،
تۈگۈنلەر ۋاقتى - ۋاقتىدا يېشىلمىسە ۋە ھەل قىلىنمىسا،
تەبىئىي ھالدا پسىخىكىلىق توسالغۇ ياكى پسىخىكىلىق كې-
سەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىكەن.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بالىلارنىڭ
پسىخىكىسىدىكى توسالغۇلار: بىرىنچىدىن، بالا ئانىسىنىڭ
قورسىقىدىكى چاغدا ئانا يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بول-
غان، زەھەرلەنگەن، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، قورساقنىڭ
سىرتقى قىسمى زەخىملەنگەن ياكى بوۋاق يورۇق دۇنياغا
كۆز ئېچىپلا ئوكسىگېن يېتىشمىگەن بولسا ۋە ياكى ئانى-
سىدا تۇغۇت قىيىن بولۇش، تۇغۇت جەريانىدا زەخىملى-
نىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بولسا؛ ئىككىنچىدىن، بالى-
لار تارتىنچاق، قورقۇنچاق، زىيادە ئېھتىياتچان چوڭ بو-
لۇپ قالسا؛ ئۈچىنچىدىن، ئائىلىدە بالىلارنى زىيادە ئەر-
كىلىتىپ، پەپىلەپ كەتسە تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدى-
كەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ساغلام بولمىغان ئائىلە مۇھىتى
ۋە تۇغرا بولمىغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىمۇ بالىلارنىڭ پسى-
خىكىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. مەسىلەن، ئاتا



- ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلاردا تەمتىرەپ قېلىش،
تېگىشلىك مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن
ئۆزىنى كەمسىتىش، تىت - تىت بولۇش، خامۇشلۇق قاتار-
لىق بىنورمال ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن
باشقا، تەربىيىلەش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق، بالىنى
ئۆزمەيلىگە قويۇۋېتىش، خاتا قىلىقلىرىغا رەددىيە بەرمەس-
لىك سەۋەبىدىن بالا كىچىكىدىن شەخسىيەتچى، شۆھرەتپە-
رەس، مەنمەنچى بولۇپ قالىدىكەن.

قىسقىسى، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تاماق يېيىش،
ئويۇن ئويناش، ئۇخلاش قاتارلىق كىچىك ئىشلىرىغىچە
زەن سېلىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش-
كە، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى نازۇك تۈگۈنلەرنى يېشىشكە
ماھىر بولۇشى، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتىكى پسىخىك
ئۆزگىرىشكە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، قاراتمىلىقى كۈچ-
لۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشى، ئۇلار بىلەن پات -
پات دوستانە مۇڭدىشىپ تۇرۇشى كېرەك.

مۇھىمى، بالىلارنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈننى، چىگىشنى
تۈگىتىش كېرەك. بالىلار بەزىبىر ئەخلاقىي تەلەپلەرنى
ئۆزلەشتۈرۈپ ئالغىنى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەمەل
قىلالمايدۇ، ھەتتا قارىمۇقارشى كەيپىياتتا بولۇشىمۇ مۇم-
كىن. بۇنىڭ سەۋەبى: (1) تەلەپ بالىلارنىڭ ئەسلىدىكى
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىك؛ (2) تەلەپ كۆپ بولۇپ
كېتىش؛ (3) بالىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەملى-
كىدىن تەلەپ ھەققىدە بالىلار قەلبىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا

بولۇپ قىلىش؛ (4) تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا زورلۇق ئىشلىتىش؛ (5) بالىلاردا ئاتا - ئانىسىنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا قارىتا نارازىلىق تۇغۇلۇش؛ (6) ئاتا-ئانىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى بىردەك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بالىلاردا ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك پەيدا بولۇش قاتارلىقلار…

بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ئىشەنچى ئەخلاقىي ھېسسىياتى ھەم ئەخلاقىي ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەخلاقىي كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىنىشىغا ئىشىنىشى ھەمدە بۇ ئەخلاقىي كۆزقاراشنى بارلىق سۆز - ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلاردا ئەخلاقىي ئىشەنچىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ ئەخلاققا باھا بېرىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ ئەقلىي پائالىيەت جەريانى بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلىشىگە، ئەخلاق تەجرىبىلىرىنى مۇستەھكەملىشىگە ۋە ئەخلاقىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا پايدىلىق. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئەخلاققا باھا بېرىش قابىلىيىتى ئاتا - ئانىلارنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى ۋە توغرا تەربىيىسى ئاستىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بۇ ھەقتىكى تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئەخلاققا باھا بېرىش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ھالدا ھادىسىدىن ماھىيەتكە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەتراپلىق بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. مانا بۇلار بالىلارنىڭ ئەخلاقىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان زۆرۈرىيەتلەردۇر.



# بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش

ئەقلىي قابىلىيەت دېيىلگەندە، بالىلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئۆگىنىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تۇغما بولۇپ، تەلىم - تەربىيە جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

بالىلارنىڭ ئومۇمىيىتىدىن ئالغاندا، ئەقلىي قابىلىيىتى تۇغما ئاجىز (خامۇش) بالىلارمۇ، تۇغما تالانتلىق بالىلارمۇ ئاز بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت ئىرسىيەت ئامىلى، مۇھىت ئامىلى ۋە تەلىم - تەربىيە ئامىلىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

ئىرسىي ساپا ھەربىر بالىنى ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان يوشۇرۇن كۈچ. شۇڭا، ئىرسىيەت ئامىلىنى ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشتىكى ماددىي ئاساس دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئىرسىيەت (تەبىئىي خۇسۇسىيەت) دېگىنىمىز، بالى-

لارنىڭ ئالدىنقى ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستىـ
كى فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەتتە مۇسكۇللارنىڭ تۈزۈلۈشى، ھالىـ
تى، شەكلى، سەزگۈ ئەزالار ۋە نېرۋا سىستېمىسىدىكى
ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نېرۋا
سىستېمىسى بىلەن سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئالاھىدىلىكى بالىـ
لارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي ئالدىنقى
شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مۇنداق شەرت بولمايدىـ
كەن ئەقلىي قابىلىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنـ
كى، ئادەم مېڭىسى، بولۇپمۇ نېرۋا سىستېمىسى ئەقلىي
قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر. بالىلار پەـ
قەت شۇ ئاساستىلا كېيىنكى مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىـ
رى ئارقىلىق بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان بىلىملەرنى ئۆـ
گىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرسىـ
يەت ئىلمى تەتقىقاتى يەنە بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدە
ئىرسىيەتلىك پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈـ
شەندۈرمەكتە. مەسىلەن، بەزى بالىلارنىڭ نېرۋا سىستېـ
مىسى تۇغۇلۇشىدىنلا جانلىق، زېرەك (تۇيغۇن) ۋە قوزـ
غىلىشچان تىپقا مەنسۇپ بولۇشتىن سىرت، نېرۋا ھۈجەيـ
رىلىرىنىڭ سانىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن،
ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەت (زېھنىي كۈچ) جەھەتتە باشقا
بالىلارغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ياخشى
تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، ئەقلىي قابىلىـ



يەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە قاـ
رىغاندا تېزرەك بولىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى يەنە بالىلارنىڭ ئاـ
نىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقىتلىرىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى
سانىنىڭ كەم بولۇشى ياكى ھۈجەيرىلەر پائالىيىتىنىڭ جانـ
لىق بولماسلىقى ئۇلارنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەقلىي
تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىرلەرنى يەتكۈزىدىغانلىقىنىمۇ
ئىسپاتلىدى. پاكىتلارغا ئاساسەن، تۇغما نېرۋا ئۆتكۈرلۈـ
كىنىڭمۇ نەسىلدىن ـ نەسىلگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلماي بولمايدۇ. گەرچە كاتتا ئالىم ۋە دانىشمەنلىككە
ئېلىپ بارىدىغان يۈكسەك ئەقىلنى نەسىلدىن ـ نەسىلگە
ئۆتىدۇ دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق بالىلار مۇنداق تالانتنىڭ
پەيدا بولۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان ئۆتكۈر نېرۋا
قۇرۇلمىسىنى مىراس قىلىپ ئالالايدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن
توغرا پايدىلىنىش، دەل ۋاقتىدا بايقاپ، چۈشىنىپ، ئىلـ
مىي تەربىيىگە ئىگە قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭۈل
قويۇپ يېتەكلىشى ۋە بالىلارنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى
بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مۇھىت ئامىلىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشـ
تىكى تەسىرىمۇ زور بولىدۇ. مۇھىت دېگىنىمىز، ئادەمـ
لەرنى ئوراپ تۇرغان ئوبيېكتىپ دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. ئۇ
تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدا ئىجتىـ
مائىي مۇھىت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئاساسلىق رول

ئۇينايدۇ. ھەرقانداق بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇھىتتىن
ئايرىلالمايدۇ. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇ-
نىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ
بارىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئائىلە، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق -
تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، يەسلى بىلەن مەكتەپ، ئەمگەك
ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، شۇنىڭدەك ئۆرپ- ئادەت
ھەم پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدە ئىستىخىيىلىك تەسىر ۋە تەربىيە ئامىللىرى
بولىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ
ھەممىسىلا بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تە-
سىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتا ئەقلىي قابىلىيەت تە-
رەققىياتىدا ئىرسىيەتنىڭ رولىنى بەك يۇقىرى چاغلاشقا
بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، بىئولوگىيە ئىلمى
ئورگانىزملىق ھاياتنىڭ تەرەققىيات مەنبەسى ۋە سەۋەبىنى
مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەريان ئىچىدە دەپ
مۇقىملاشتۇردى. ئۇ پەقەت مۇشۇ جەريان ئىچىدىلا يېڭى
ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەزا قۇرۇل-
مىسى ۋە ھەر خىل پىسخىكىلىق ئىقتىدارىنى مۇكەممەل-
لەشتۇرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ.

تەربىيە دېگىنىمىز، بالىلارغا قارىتىلغان مەقسەت-
لىك، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ۋە سىستېمىلىق
ئېلىپ بېرىلغان ئائىلە تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق
تەربىيىنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدىكى
رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. چۈنكى، بالىلار ئانا قورسىقى-



دىن بىلىملىك ياكى بىلىمسىز، ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز،
تىرىشچان ياكى ھورۇن بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. دېمەك، بالا
تۇغۇلغاندىن كېيىن ئائىلىدىكى ياخشى مۇھىت- شارائىت
ياكى ياخشى بولمىغان ناچار مۇھىت - شارائىت تەسىرىدە
ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز، تىرىشچان ياكى ھورۇن بولۇپ
يېتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيە
بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى مېخانىك ھالدا ئىلگىرى
سۈرگۈچى بىردىنبىر شەرت دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى،
بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا ئۇلارنىڭ فىزى-
ئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىندىۋىدۇئال ئالا-
ھىدىلىكلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ.
شۇڭلاشقا، ئاتا - ئانىلار ئەقلىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ۋە
شەكلىنى بالىلارنىڭ يېشى ۋە پىسخىك تەرەققىيات سەۋىي-
سىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولسىلا بۇ
خىل تەربىيىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئائى-
لىدىكى تەربىيىدە ئائىلە مۇھىتى ۋە شارائىتىنى ياخشىلاش-
قىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، ئادى-
مىيلىكنى ئۆگىنىشىگە، بالىلارنىڭ ئالاقە قىلىش جەريانى-
دىكى ئىپادىسىگە دىققەت قىلمىنىشا، بالىلاردا ئاسانلا ناچار
ئادەتلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ.

ئائىلىدىكى تەربىيىنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت
تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى
كېرەك:

1) ئەقلىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى ياخشى تاللاپ، ئۇنى مەقسەتلىك، نىشانلىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىنكاس پائالىيىتىنى ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلىشىگە يۈزلەندۈرۈش لازىم.

2) بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3) بالىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، ئۇلارنىڭ شۇ تەلەپنى ئۆزلۈكىدىن ئورۇنداش ئاكتىپچانلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم.

4) بالىلارغا بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ياخشى ئىگىلىتىپ، بۇنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

5) ئەقلىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى بالىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات سەۋىيىسىگە، ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تەربىيە تەلىپىنى بالىلارنىڭ ئۆز ئارزۇسى، خاھىشى ۋە ئۆز تەلىپىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلاردا ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى تىرىشچانلىقنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

6) بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قويۇلىدىغان تەلەپمۇ تەدرىجىي يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىلىشى ۋە ئۆستۈرۈلۈشى لازىم.



قىسقىسى، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، بىلىمدىن قابىلىيەتكە ئۆتۈش، قابىلىيەتنى بىلىم ئىگىلەشكە يېتەكچى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەت باشقىچە ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ جۇغلانمىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ بىلىمىنى بېيىتىش زۆرۈر. تەلىم - تەربىيە ئامىلى ئالاھىدە بولغان بىر خىل مۇھىت ئامىلى بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك يېتەكلەش رولىغا ئىگە. بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بالىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، خىيال قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورگىنى بولغان مېڭە ۋە ئۇنىڭ يېتىلىشى ئوزۇقلۇققا موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېڭىنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىشتە، ئوزۇقلۇق تەركىبى

مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوزۇقلىنىشنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر ھۈجەيرىلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى تولۇق قاندۇرۇلسا، ھۈجەيرىلەر جانلىق ۋە ھەرىكەتچان بولۇش بىلەن غىدىقلىنىشنىمۇ كۈچەيتىدۇ - دە، بالىلاردا جانلىق، زېرەك، جۇشقۇن، كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇق، جىم تۇرغۇسى كەلمەيدىغان كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھەرىكىتى سۇس، ئاستا، ئاجىز بولۇش بىلەن ئۇنىڭدا تورمۇزلىنىش ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ - دە، بالىلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ چاققان بولماستىن، كەيپىياتى تۆۋەن بولۇش ۋە ئاسان چارچاش ھېس قىلىشتەك ھالەتلەر يۈز بېرىدۇ. بۇنداق بالىلار كۈچلۈك غىدىقلاش (تەسىر) نى قوبۇل قىلالمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بالىلار پسىخولوگىيىسى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئانىنىڭ ئوزۇقلىنىشىنىڭ ناچار بولۇشى ياكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا ئوزۇقلىنىشىنىڭ ناچار بولۇشى بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى يەتكۈزىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە بالىلارنىڭ كېيىنكى تەپەككۇر قابىلىيىتى تەسىرگە ئۇچراپ، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى ئىس-



پاتلىدى. مۇنداق بالىلاردا كۆپىنچە ئىرادىسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، ئىچى پۇشۇش، بېشى قېيىش، روھى چۈشكۈنلۈك ۋە ئىلگىرىلەشنى خالىسىمۇ جۈرئەت قىلالماسلىق، شۇ تۈپەيلىدىن جاپالىق ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىشتەك ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، بولۇپمۇ ئانىلار بوۋاق بالىلارنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بالىنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

1) ئانا سۈتى تەركىبىدە ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئاقسىل، ماي، قەنت قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق ھەم يۇقىرى.

2) ئانا سۈتىنىڭ ئاشقازانغا بولغان غىدىقلاش تەسىرى ئاز، ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

3) ئانا سۈتى تەركىبىدىكى ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتاسى ۋە قەنتنىڭ مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ بالىلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

4) ئانا سۈتى بالىلار بەدىنىدە كېسەللىككە قارشى ئىممۇنىتېت پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولىدۇ.

5) ئانا سۈتى بالىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق. ئانا سۈتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال بولۇپ، بالىنى ئېمىتىشكە قولايلىق. ئۇ ساپ ۋە مىكروبسىز. ئانا سۈتى بىۋاسىتە ئوزۇقلاندۇرۇشقا ماس كېلىدىغان ئەلا ئو-

زۇقلۇق.

6) بالىنى ئانا ئۆز سۈتىدە بېقىش ئارقىلىق، ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىق بىلەن ساداقەتتىن ئىبارەت ئالىي خىسلەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

7) تۇغۇتتىن كېيىن ئانا بالىسىنى قەرەللىك ئېمىتىپ بەرسە ئانىدىكى بالىياتقۇنىڭ قىسقىرىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئانىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق.

قىسقىسى، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە بالىنىڭ مېڭىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ماددىلار كۆپ بولغاچقا، ئانىلار بالىنى ئۆز سۈتى بىلەن بېقىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىنى ئېمىتىش ئىلمىي ۋە قەرەللىك بولۇشى كېرەك. بالىنى ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئېمىتىش، بىر قېتىملىق ئېمىتىش ۋاقتى 20 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە بولۇش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بالىنى بىر كېچىدە ئالتە قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە ئېمىتىش كېرەك. بالىنى ئېمىتكەندە ئوڭ-سول تەرەپتىن تەڭشەپ ئېمىتىش، بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى كۈن ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەندە، ئانا كۆكسىدىكى سۈتنى ئازراق سېغىۋېتىپ ئاندىن ئېمىتىش لازىم.

ئانا سۈتى ئانىنىڭ قان تومۇرلىرىدىن ئۆرغۈپ چىققان، ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى. پەرزەنتلەرنى لاياقەتلىك تەربىيىلەش، يوقىلىپ بېرىۋاتقان ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداش، بارغانسېرى شاخلاپ ئايىنىپ بېرىۋاتقان چاكىنا ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا ھەممە ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. يىگىتلەر يىگىتتەك، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دادىلارمۇ دادىدەك، ئانىلارمۇ ھەقىقىي ئانىدەك بولسا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە، ئاياللىغا، قىز-ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە، ئائىلىسىگە، كەسپىگە سادىق بولسا، «مەسئۇلىيەت» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى تولۇق چۈشەنسە، بەخت قۇشى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ ئەلۋەتتە قونىدۇ. بۇ بىزدىن ئىزچىللىقنى، تىرىششىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## بالىلارنى ئەتىياز پەسلىدە ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بالىلارنىڭ ئەتىياز پەسلىدە بويى تېز ئۆسىدىكەن. ئائىلىدە تەربىيىلىنىۋاتقان، تېخى مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ بويى ئەتىياز پەسلىدە 7 مىللىمېتىردىن كۆپرەك ئۆسىدىكەن. بۇ پەسىل بالىلارنىڭ ئوزۇقلۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق پەسلى بولغاچقا، ئاتا-ئانىلار مانا مۇشۇ پەسىلدە بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

1) بالىلار بەدىنىدە قۇۋۋەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن، تۇخۇم، قارا كۈنجۈت، بېلىق گۆشى، پۇرچاق تەركىبلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك يېگۈزۈش، كەمپۈت، پىرەنىكلەرنى ئىمكانبار يېگۈزمەسلىك لازىم.

2) بالىلارنىڭ بەدىنىدە كالتسىي تولۇقلاش ئۈچۈن، كالا سۈتى ۋە سۆڭەك شورپىسىنى كۆپرەك ئىچۈرۈش، ماي تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى بەرمەسلىك لازىم.

3) بالىلار بەدىنىدە ۋىتامىن A، B، C لارنى تولۇقلاش ئۈچۈن، مېۋە - چېۋىلەرنى، يېڭى كۆكتات، ياڭاق، بادام قاتارلىقلارنى كۆپرەك يېگۈزۈش لازىم.

بالىلارنى روھىي جەھەتتە ساغلام تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزىگە لايىق تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئويناشقا يېتەكلەش كېرەك. مەسىلەن، تانىدىن سەكرەش (ئاتلانچۇق) ئويۇنى ئوينىتىش، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۇرۇش، مۇۋاپىق مىقداردا چېنىقتۇرۇش، 5- ئايدىن باشلاپ ھەر كۈنى چۈشتە مۇۋاپىق ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنىڭ ئەتىياز پەسلىدە ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ، بوي ئېگىزلىكى نورمال ئۆسۈشكە باشلايدۇ.

بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەن ساغلاملىقى بىلەن تايىنىشلىق مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئۇنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئۈچۈن نېرۋا سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتى قانداق زۆرۈر بولسا، تەنىنىڭ ساغلام بولۇشىمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكىلەر-



گە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) بالىنى زىيادە يۇمشاق كارىۋاتتا ئۇخلاتماڭ. چۈنكى، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىنىڭ سۆڭىكى تېخى قاتمىغان بولغاچقا، ئاسانلا شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

2) بالىنى قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۇخلاتماڭ، بۇنداق قىلسىڭىز بالىنىڭ يېتىلىۋاتقان نېرۋا سىستېمىسىنىڭ خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ ھەمدە قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ.

3) بالىنى دوم ياتقۇزۇپ ئۇخلاتماڭ.

4) بالىنىڭ بېشىنى چۈمكەپ ئۇخلاتماڭ. بېشىنى چۈمكەپ ئۇخلىغاندا بالىغا ھاۋا يېتىشمەيدۇ.

5) بالىنى چوڭلار بىلەن بىر يوتقاندا ياتقۇزماڭ. چۈنكى، چوڭلارنىڭ تىنىقى ۋە تېنىدىن چىققان تەر پۇرىقىدا بالا ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ ياكى كېسەللىك مىكروبى بىلەن يۇقۇملىنىپ قالىدۇ.

6) بالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تەرەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈڭ.

7) بالىنى چىش چوتكىلاشقا ئادەتلەندۈرۈڭ. بۇ چىش ئاغرىش، چىشنى قۇرت يېيىش، چىش چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

8) بالىنى تۈزسىزراق تاماق يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈڭ. بۇنىڭدا بالىڭىز كېيىن يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە ئاسان گىرىپتار بولمايدۇ.

9) بالىنى ئەتىگەندە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇڭ. تاماق تاللىمىسۇن. كۆكتات، مېۋىلەرنى كۆپرەك بېرىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئاشقازان كېسىلى، ھەر خىل ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللەردىن ساقلىنالايدۇ.



# پەرزەنتلەرنى ئائىلىدە تەربىيىلەشتە بىلىشكە تېگىشلىك بەزى بىلىملەر

بالا تۇغۇلۇشىدىنلا تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەرزەنتلەرنى ئائىلىدە تەربىيىلىگەن دەسلەپكى ئالتە يىلدا ئاتا - ئانىلا بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر تولىمۇ مۇھىم.

1) تۇرمۇشنى سۆيۈش. بىلىش كېرەككى، ھاياتنىڭ لەززىتى تۇرمۇشنى سۆيۈشتە. تۇرمۇشنى سۆيۈشنىڭ ماھىيىتى گۈزەللىكنى سۆيۈش. تۇرمۇش دېمەك — گۈزەللىك دېمەك. گۈزەللىك دېمەك — تۇرمۇش دېمەكتۇر. تۇرمۇش گۈزەللىكى تۇرمۇشنى چىن دىلىدىن سۆيۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئائىلىدە مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق، ۋاپادارلىق، سادىقلىق، سەمىمىيلىك، كۆيۈنۈش، بىر - بىرىنى قوللاش كۈچلۈك بولسا، بۇ خىل ئىناق ئائىلە مۇھىتى ۋە ئائىلە شارائىتى ئۆسۈۋاتقان پەرزەنتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى بىلىدىغان، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولۇپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. تۇرمۇش-

نى سۆيۈش ئۈچۈن، تۇرمۇشتا بولغان چۈشەنچە ئېنىق بولۇشى كېرەك. تۇرمۇشتا ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى تەلەپ قويماسلىق؛ ھەممە ئىشتا توققۇزى تەل بولۇشنى ئويلىماسلىق، رېئاللىققا، ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش قىلىش، تۇرمۇشنىڭ بەختلىك بولۇشنى ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن ئۆلچىمەسلىك لازىم. كۆيۈمچانلىق، سەمىمىيلىك، ساپلىق قاپلىغان ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ، پەرزەنتلەردە، ئۆزگە ئىشىنىش، مەلۇم نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

2) بالا خاپا قىلىنغاندا ئىلمىي ئاساستا تەربىيە قىلىش.

روشەنكى، ئاچچىقلىنىش نورمال ئىش، ئەمما مېھرىبان ئاتا - ئانىلار قانداق قىلغاندا بالىسىنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك، كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئاساسىدا، ئاچچىقىنى ئۆز لايىقىدا چىقىرىپ، ئىختىلاپنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشنى بىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر:

1. ئىناۋەتنى تىكلەش.

ئاتا - ئانا بولغۇچى ئائىلىدە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈم بەلگىلەش كېرەك. تۈزۈم ئىككى خىل، بىرى، كېڭىشىش ھاجەتسىز بولغان، قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان قائىدە - تۈزۈم؛ يەنە بىرى، ئۆزگەرتىشچان قائىدە-تۈزۈم. بۇ ئىشتا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاتا-ئانا بۇ قائىدە - تۈزۈملەرگە ئۆزى ئاڭلىق رىئايە قىلىپ،



بالا ئالدىدا ئىناۋەتنى تىكلىشى؛ بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنى بوغۇپ قويىدىغان قائىدە - تۈزۈم مۇستەبىتلىكىدىن ساقلىنىشى لازىم.

2. يول قويۇش ياكى كۈتۈپ تۇرۇش

ئۆزىنى تۇتالماي ئاچچىقلىنىش سالامەتلىككە زىيانلىق، شۇڭا قاتتىق ئاچچىقلانغاندا يول قويۇش ياكى سۈكۈتتە تۇرۇش بەزى ۋاقىتتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. قائىدە چۈشەندۈرۈش

بالىنى يولسىزلىق بىلەن ئەيىبلەۋەرمەي، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ چاغدا ھېس قىلغانلىرىڭىزنى بالىغا چۈشەندۈرۈڭ. بالىلار ھەقىقىي باتۇرلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، كۆڭلىدە نېمە گەپ بولسا يۈز تۇرانە ئېيتىۋېرىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ بۇ خاراكتېرىنى چۈشەنمەي، بالام ماڭا ياندى، دەپ بالىسىدىن ئاغرىنىدۇ، ھەتتا سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەپ بالىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. كونىلاردا «ئۆزىنى تونۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆزىنى تۇتۇشتۇر»، «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن ماقال بار. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ھەدېسىلا: «مەن سېنىڭ ئاناڭ»، «مەن سېنىڭ داداڭ» دەپ ئۆز سالاھىيىتىنى پەش قىلماسلىقى، ئۆز قەدىر - قىممىتى، ئابرۇيىنىڭ پەرزەنتى قەلبىدىكى سالمىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.

## بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە ئۇسۇلغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم

بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا چوڭلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى دوراپ چوڭ بولغاچقا تاكى ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولغانغا قەدەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى توغرا - خاتا دەپ ئايرىماي ئۆگىنىدۇ، ھەتتا بىر قىسىم يامان ئىش - ھەرىكەتلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ تېزلا قوبۇل قىلىۋېلىپ، ناچار خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

پەرزەنتلەرنىڭ يامان سۆز - ھەرىكەتتە بولغانلىقىنى بايقىغاندا، ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇلنى قوللانسا ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

1) بالىلارنىڭ ياخشى سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ماختاش كېرەك. ئەگەر يېشى كىچىكرەك بالىڭىزنىڭ دوستلىرى ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كىرگەندە، بالىڭىز ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزىلا ئېلىۋالماي، دوستلىرى بىلەن تەڭ ئوينىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا سىز چوقۇم بالىڭىزنى ماختاشنى ئۇنتۇماڭ. بالىڭىزمۇ بۇنداق ۋاقىتتا ماختاشقا ئېرىشسە كەمتەرلىك ۋە دوستلۇقنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ بالىلارمۇ ياخشى سۆز - ھەرىكەتلەرنى كۆپرەك قىلىدىغان، تەڭتۇشلىرى يامان سۆز - ھەرىكەتتە بولغاندا رەددىيە بېرەلەيدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.



2) بالىلارنىڭ يامان سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا تەنقىدلەش مۇۋاپىق، توغرا ئۇسۇلدا جازا بېرىش كېرەك. تەنقىدنى رەت قىلسا، قائىدە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىڭىزغا دوستانە ئۆتۈش، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرۇڭ. قورقۇتماڭ، قورقۇتسىڭىز پەقەت ۋاقىتلىقلا ئۈنۈم بېرىپ، بالىڭىز ئۆيدىكى جازادىن قورقۇپ ناچار ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلىيالماي، سىرتقا چىققاندا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى مۇۋاپىق، توغرا ئۇسۇلدا جازالاش كېرەك. مۇۋاپىق، توغرا ئۇسۇلدا جازالاش بالىلارنىڭ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئاتا- ئانىلار بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاسراش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بالىنىڭ خاراكتېرىنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇۋاپىق جازا بېرىپ، ئۇلارغا خاتالىقىنى تونۇتۇش كېرەك. ئاتا - ئانىسىنىڭ جازاسىنىڭ ھەق، مۇۋاپىق بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. مۇۋاپىق دېگەندە بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بالىنىڭ ئازراق جاپا چېكىشىگە چىداش، بالىنى جازالاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز خاتالىقىنى ھەقىقىي تونۇتۇپ قايىل قىلىش كېرەك.

3) بالىڭىزغا ئۆچمەنلىكنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇڭ. بالىلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، قانداق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇش، قانداق ئەھۋالدا ئىنكاس قايتۇرماسلىقنى پەي-

دىنىپەي ھېس قىلدۇرۇڭ.

4) بالىڭىزنىڭ كەيپىياتىنى ئاشكارىلىشىغا ياردەم بېرىڭ. چوڭلارنىڭمۇ دەردىنى تۆكۈش، ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر قولىغا چىققان نەرسىنى يەرگە ئاتسا، بەزىلەر گەپ - سۆز قىلماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىش قىلىدۇ؛ بەزىلەر ۋارقىراپ - جارقىرىسا، بەزىلەر بازار ئايلىنىدۇ؛ بەزىلەر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارسا، بەزىلەر ئۆزى ئامراق تائاملارنى يېيىش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنىڭ «كېسىلى»گە قاراپ «دورا» بېرىشى كېرەك. بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇلارنى كەڭ تەبىئەت قوينىغا ئېلىپ بېرىشمۇ ئۇلارنىڭ ناچار كەيپىياتىنى تۆكۈپ ۋە خۇشلۇق - خاپىلىقلىرىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىغا ناھايىتى پايدىلىق.

## ئائىلە تەربىيىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر

بالىلارنىڭ مىجەز - خۇلق، خاراكتېر، قىزىقىشىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم بولغان ئالتە يىللىق ئائىلە تەربىيىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئاتا - ئانىلاردا بالا تەربىيىلەش بىلىمىنىڭ كەم



بولۇشى، بولۇپمۇ ئانىلاردىكى ساپانىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت. ئانىنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ ئاساسى. لېنىن: «ئەگەر سىز ئائىلىدە ئوغۇل پەرزەنت تەربىيىلەۋاتقان بولسىڭىز، دەل پۇقرا تەربىيىلىۋاتقان بولىسىز، ئەگەر قىز پەرزەنت تەربىيىلىۋاتقان بولسىڭىز، دەل پۈتكۈل مىللەتنى تەربىيىلەۋاتقان بولىسىز» دېگەنىدى. بالىلار ۋەتەننىڭ، دۆلەتنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈمىدى. ئائىلە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش بۆشۈكى، ئانا بولسا بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ بىۋاسىتە ھەم ئەڭ مۇھىم بولغان تەربىيىچىسى، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك ئوقۇتقۇچىسى. شۇڭا، ئانىنىڭ ساپاسى، بولۇپمۇ بىلىمى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى پەرزەنتلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئانا مەشچان، قوپال بولسا، پەرزەنتلىرى توڭ ھەم ئۆكتەم چوڭ بولىدىكەن. ئەكسىچە، ئانا ئىشچان، خۇشخۇي، دوستانە، ئەپۇچان بولسا، پەرزەنتلىرىمۇ كەڭ قورساق، چىقىشقاق، ئوچۇق - يورۇق چوڭ بولىدىكەن. ئانا شاللاق، ھورۇن، چۈشكۈن بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى تەرتىپسىز تۇرمۇش مۇھىتىدا چوڭ قىلسا، بالىلارمۇ ئانىنىڭ ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالىدىكەن. شۇڭا، ئانا ياخشى ساپا ھازىرلىشى، تىرىشىپ پەرزەنت تەربىيىلەش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى لازىم، ئانا بىلىملىك، ئەقىللىق،

ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشتىن سىرت، ھەر بەھەتتىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بالىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى لازىم.

2) ئانىدىكى بىلىم ۋە ساپانىڭ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلى بالىدىكى تۇغما ئىقتىدارنى بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك ھەم بايقىيالماسلىق. بالىلار ئۆزگىچە بىر دۇنيا، ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، ئادىتى ۋە قىزىقىشى بولىدۇ. مۇبادا ئىش-ھەرىكەتلىرىدە يامانلىق بولمىسا، ئاتا - ئانا بالىلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا ئەركىن مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشى، سازغا ھەۋەس قىلىشى، لايدىن مودېل ياسىشى... قاتارلىق ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىپ چەك قويۇۋالماسلىق كېرەك، بولمىسا بالىلاردىكى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قىزىقىش روھى نابۇت بولىدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش، بىر كەسىپكە قىزىقىپ كەلگۈسىدە كەشپىياتچى بولۇپ چىقىشتەك غايىلىرى يوققا چىقىدۇ. بۇ خىل ناچار ئۇسۇل بالىلارنىڭ ئارزۇ دەرىخىنى كېسىپ تاشلاپ، بالىلارنى ئاتا - ئانىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالماسلىقى، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، بولۇپمۇ بالا تۇغۇلغاندا



نامايان قىلغان تۇغما ئىقتىدارىنى بىلىشكە، بايقاشقا، چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى لازىم.

3) مۇھەببەتتە تولۇق سىناشماي، ئالدىراپ تويى قىلىپ، بالا يۈزى كۆرگەندىن كېيىن ئاجرىشىپ كېتىپ، بالىلارنى تىرىك يېتىم قىلىش ياكى بالا بېقىش ئانىنىڭ ئىشى دەپ بالا تەربىيىلەشنى ئانىسىغا تاشلاپ قويۇپ كەيپ-ساپاغا بېرىلىش. ئۇيغۇرلاردا: «بالاڭ ۋايىغا يەتسە، ئابرۇيۇڭ جايىغا يېتەر» دېگەن ھېكمەت بار. ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانا پەرزەنتىنىڭ تىلى ۋە دىلىدىكى ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇ ھەممىيلەن باش ئېگىدىغان مېھىر- مۇھەببەت ئىگىسى. شۇڭا، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئائىلە تەربىيىسىدە ئۆز بالىسىنى ئۆزى بېقىشى، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈشى، ئائىلە تەربىيىسىدە ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، بالىلارغا ئەمەلىي ياردەمنى سىستېمىلىق، قەرەللىك، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىشى، ئۆزىنى بېغىشلاش مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى لازىم.

4) بالىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى شۇ خاتا ئىش- ھەرىكەتتىن توسماستىن، بەلكى ئۇنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈپ بالىنى نابۇت قىلىش. مەسىلەن، يولدىن تېپىۋالغان پۇل ياكى باشقىلار چۈشۈرۈپ قويغان ماددىي بۇيۇم، ھەتتا يېزىلاردا باشقىلارنىڭ توخۇسى تۇغۇپ قويغان تۇخۇملارنى بالىسى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرسە، بالىغا تەربىيە قىلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمەستىن، ئەكسىچە بالىسىنى ماختاش. مانا بۇ ئەڭ ناچار تەربىيە

ئۇسۇلى بولۇپ، بالىلار بۇ خىل ناچار ئىش - ھەرىكەتتىن ۋاقتىدا توسۇپ قىلىنمىسا، «ئوغرى»، «يالغانچى»، «قىزىل كۆز» بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ ھەقتە بىر چۆچەك ئاڭلايلى:

«... بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر تۇغماس ئايال باشقىلار تاشلىۋەتكەن بىر ئوغۇل بالىنى بېقىۋاپتۇ. بالا چوڭ بولۇپ ئالتە ياشقا كىرگەندە قوشنىسىنىڭ توخۇسى سىرتتىكى بىر دالدىغا بىر تۇخۇم تۇغۇپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بالا دەرھال تۇخۇمنى ئېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ تۇخۇمنى ئانىسىغا بېرىپتۇ. ئانا تۇخۇمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن: 〈بالام، سەن ياخشى بالا بوپسەن، مەن ساڭا بۇ تۇخۇمنى پىشۇرۇپ بېرىمەن〉 دەپ تۇخۇمنى پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئانىنىڭ بۇ خىل خاتا تەربىيىسىدىن شادلانغان بالا شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ ئېتىزىدىن سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ئوغرىلاپ ئۆيىگە توشۇپتۇ... ئانا يەنىلا بالىنى ماختاپتۇ. بۇ بالا ئاخىر چوڭ بولغاندا ناھايىتى يامان چوڭ ئوغرى بولۇپ كېتىپتۇ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئۆز شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. پادىشاھ بالىنى دار ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— سەن ھازىر ئۆلىسەن، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئېيت، بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ. دار ئالدىدىكى بالا پادىشاھقا قاراپ:



— ھۆرمەتلىك شاھىم، مېنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئانام بار ئىدى. ئۆلۈم ئالدىدا ئانامنى بىر كۆرۈۋالسام، — دەپتۇ. شاھ ماقۇل بولۇپ، بالىنىڭ ئانىسىنى دار ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئانىسىنى كۆرگەن بالا ئىلتىجا قىلىپ:

— جېنىم ئانا، تىلىڭنى چىقارغىن، تىلىڭنى بىر شورىۋالاي، — دېگەنىكەن، ئانا بالىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىلىنى چىقىرىپتۇ. بالا ئانىسىنىڭ تىلىنى شوراپ تۇرۇپ گاچچىدا چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ... بۇنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ! دېگەنىكەن، بالا ئالدىرىماي تۇرۇپ:

— مېنىڭ مۇشۇنداق ئوغرى بولۇپ، دار ئالدىغا كېلىشىمگە مانا مۇشۇ ئانام سەۋەبچى. ئەگەر ئانام ئەڭ بۇرۇن قوشنىمىزنىڭ توخۇسى تۇغۇپ قويغان تۇخۇمنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگىنىمدە: 〈ماڭ، تۇخۇمنى نەدىن ئالغان بولساڭ، شۇ جانغا قوي!〉 دەپ نەسىھەت قىلغان بولسا، مەن مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتىم، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ بالىدىن بارلىق ئەھۋالنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، بارلىق گۇناھنىڭ يارامسىز ئانىنىڭ يامان تەربىيىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىپ بالىنىڭ ئانىسىنى دارغا ئاسقان ئىكەن...»

5) بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇش. بالىلار ھازىر ئۇرۇشسا، بىردەمدىن كېيىن ئەپلىشىپ، ياخشى ئويناپ ئاتا - ئانىلارنى

خىجىل قىلىپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلاردا پەرزەنتلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلىپ ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى تەلەپ قويۇش خاھىشلىرى مەۋجۇت. بائىلىرنى باشقىلارنىڭ بالىسىغا سېلىشتۇرۇپ: «سېنىڭ باشقىلاردىن نەرىڭ كەم؟» ، «مەن سەندەك چاغدا ئانداق قىلاتتىم، ماداق قىلاتتىم» دەپ بالىغا تەلەپنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى قويۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ناچار ئىللەت تۈزىتىلمىسە، بالىلارنىڭ روھىي ھالىتى تەڭپۇڭ بولماي، تەنقىد توغرا بولغان تەقدىردىمۇ بالىلار قوبۇل قىلالمايدۇ. تەربىيە ئۇزاق مۇددەتلىك، ئىنچىكە ۋە نازۇك جەريان. شۇڭا، بالىلارغا ماھىيەتلىك تەربىيە بەرگەندىلا بالىلارنى يۇقىرى تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

6) بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىق. بەزى ئىككى پەرزەنتلىك بولغان ئاتا - ئانىلار ياكى ئەر - ئايال بىردىن بالىسىنى ئېلىپ كىرىپ ئائىلە قۇرغان ئاتا - ئانىلار ئارىسىدا چوڭىغا ئېتىبارسىز قاراپ، كىچىكىنى پەۋقۇلئاددە ئەتىۋارلاش، بالا ئېلىپ كىرگەنلەر ئۆزىنىڭ بالىسىنىلا ئەتىۋارلاپ، يەنە بىرىنى خارلاشتەك ئىللەتلەر مەۋجۇت. بۇ خىل ئىللەت داۋاملىشىۋەرسە بالىلاردا ئاتا - ئانىسىدىن نارازى بولۇش، بىزار بولۇش، ھەتتا ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئاتا - ئانىسىغا ئۆچ بولۇپ قالىدىغان پسىخىك ھالەت شەكىللىنىدۇ. قارىماققا پەرزەنت ئۆز ئاتا - ئانىسىغىلا مەنسۇپتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇ ئاتا - ئانىنىڭ



كۆچىتى، يىلتىزى، ئائىلىنىڭ گۈلى، مىللەتنىڭ، خەلقىنىڭ، ۋەتەننىڭ، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارلا ئەمەس پۈتۈن جەمئىيەت، بارلىق ئادەم پەرزەنت تەربىيىسىگە ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم.

ئائىلە تەربىيىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدىكى قارىشىمنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىش ئۈچۈن، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 2003- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «جۇڭگولۇق ئانىلار 10 چوڭ جەھەتتە ئېغىر تەنقىدكە ئۇچرىدى» دېگەن ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن.

دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى سىلجىتىۋاتقان قول — ئانىلارنىڭ بۆشۈك تەۋرەتكەن قولىدۇر. ئانىلارنىڭ ساپاسى ئىنسانىيەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، جۇڭگولۇق ئانىلارنى تەربىيىلەش ھەرىكىتىنى ھازىردىن باشلاپ بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى.

نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ دەسلەپكى ئائىلە تەربىيىسى ئاساسەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماقتا. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تەربىيە بەرگۈچى ئانىلار (ئاتىلار) نىڭ لاياقەتسىز بولغانلىقىدۇر. » شۇڭا، ۋاڭ دۇڭخۇا ئانىلارنى تەربىيىلەش ھەرىكىتىنى ئانىلارنى تەنقىدلەشتىن باشلىدى.

بىرىنچى تەنقىد — قارىغۇچىلارچە ئورۇقلاش

تېخى توي قىلمىغان نۇرغۇن قىزلار ياكى توي قىلغان چوكانلار «ئورۇقلاش ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەقلىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزمەكتە،

شۇنداقلا كەلگۈسىدە ساغلام بالا تۇغۇشقا زىيانلىق يوشۇرۇن
ئاپەت پەيدا قىلماقتا. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ قارىشىچە، ساغلام
بوۋاق پەقەت ساغلام ئانىلارنىڭ تېنىدە يېتىلىدۇ.

### ئىككىنچى تەنقىد — جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكى

جۇڭگولۇقلار جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكى قاتتىق
چەكلەنگەن دەۋرنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، جىنسىي مۇناسى-
ۋەتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى خۇشاللىق دەپ قارايدى-
غان ئەركىنلىك شامىلىنى كۆتۈۋالدى. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ
قارىشىچە، قەدىمكى زاماندىن ھازىرغا قەدەر قىزلارنىڭ
پاكلىقىغا قويۇلغان قاتتىق تەلەپ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا سال-
غان زۇلمى بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئىچكى قانۇنى-
يىتى، يەنى «قىزلارغا قويۇلغان پاكلىقنى ساقلاش تەلىپى
ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئۈچۈنلا بولماستىن،
يەنە كەلگۈسىدە تۇغۇلىدىغان بوۋاقلار ئۈچۈن قويۇلغان تە-
لەپ، بۇلغانمىغان ئانا تېنى بوۋاقلار ۋە ئىنسانلارغا سۇنۇل-
غان ئەڭ ياخشى سوۋغىدۇر.»

### ئۈچىنچى تەنقىد — بالا چۈشۈرۈۋېتىش

نۆۋەتتە ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر
كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىت خالىغانچە بالا چۈشۈرۈ-
ۋېتىش بولماقتا. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ قارىشىچە، بالا چۈشۈرۈ-
ۋېتىش ئانىلارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولۇپلا قالماس-
تىن، كەلگۈسىدە تۇغۇلىدىغان بوۋاقنىڭ ساغلاملىقىمۇ
غايەت زور زىيان يەتكۈزىدىغان بىرىنچى چوڭ ئامىل ئى-
كەن. ئۇنىڭدىن قارىغاندا «بالا چۈشۈرۈۋېتىشنى پەرزەنت



كۆرۈشتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى قىلىدىغان قىلمىشنى قەت-
ئىي تۈگىتىش، پىلانسىز پەرزەنت كۆرۈشنى ئىلمىي ئۇ-
سۇل ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى بىلەن چەك-
لەش كېرەك.

### تۆتىنچى تەنقىد — ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇش

ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئېلى-
مىزدە ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇش نىسبىتى يىلدىن -
يىلغا كۆپەيمەكتە. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇش پەقەت
ھامىلىدار ئايالنىڭ نورمال تۇغۇشى قىيىن بولغاندىلا قول-
لىنىلىدىغان تەدبىر بولغاچقا، ھامىلىدار ئايال قېنى كۆپ
چىقىش، يۇقۇملىنىش قاتارلىق خەۋپلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ
ئۆپكىسى ئاسانلا يۇقۇملىنىپ قالىدۇ. كېسەلگە تاقابىل تۇ-
رۇش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. بىراق، ئوپېراتسىيە ئار-
قىلىق تۇغىدىغان ئانىلارنىڭ سانى يەنىلا ئېشىپ بارماقتا.

### بەشىنچى تەنقىد — ئېمىتىشنى رەت قىلىش

ئىلگىرى بوۋاقلارنى ئانا سۈتىدە بېقىش تەبىئىي ئەھ-
ۋال ئىدى. بىراق، ھازىر بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەتنى زور
كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلمىسا ۋە يېتەكچىلىك قىلمىسا ئەمە-
لىيلەشمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. كىشىنى ھەيران
قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، نۇرغۇن ئانىلارنىڭ سۆيۈملۈك
بوۋاقلىرىنى ئېمىتىشنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەبى پەقەت
چىرايلىق فىگۇرىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىكەن. ۋاڭ
دۇڭخۇا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئانا سۈتى بوۋاقلارنىڭ ئەڭ

ياخشى ماددىي، مەنىۋى ئوزۇقى، ئېمىتىش بوۋاقلارغا ۋە ئانىلارغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

### ئالتىنچى تەنقىد — خەت تونۇشقا سەل قاراش

جۇڭگو تارىخىدا بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ خەت تونۇتۇش ئەنئەنىسى بار ئىدى. بىراق، ئۇ ئەنئەنە ھازىر تاشلىنىپ قالدى. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ خەت تونۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. چۈنكى، بۇ ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى. شۇڭا، بۇ خىل ئۇل سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىراق، ئۆگىتىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش لازىم، بولمىسا ئۇنۇمى ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ.

### يەتتىنچى تەنقىد — بالىسىنى باشقىلارغا باقتۇرۇش

بالىنى باشقىلارغا باقتۇرۇش ئائىلىدە «ئانا ئۆگەيلىشىش» ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا پىسخىك توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ قارىشىچە، بۇ فىزىئولوگىيىلىك توسالغۇنىڭ پىسخىكىدىكى ئىپادىسى ئىكەن. ئۇ بارلىق ئانىلارغا مۇنداق تەۋسىيە قىلدى: «سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، تەبەسسۇم قاپلىغان چىرايىڭىز بالىڭىزنىڭ يېتىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى مۇھىت. شۇڭا، مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن، بالىڭىز سىزگە ئەڭ موھتاج بولىدىغان ياشتا ئۇنى باشقىلارغا باقتۇرسىڭىز ياكى ئۇنى تاشلاپ قويسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، بەلكىم بىرئۆمۈر پۇشايمانغا قىلىشىڭىز مۇمكىن».

### سەككىزىنچى تەنقىد — بالىلارنى ياتاقلىق مەكتەپتە



### ئوقۇتۇش

يېقىنقى يىللاردىن بېرى جايلاردا ياتاقلىق مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار پۇلنىڭ كۈزىگە قارىماي، بالىسىنى بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتماقتا. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ قارىشىچە، بۇ خىل قىلمىش بالىغا كۆيۈنگەنلىك ئەمەس، بەلكى بالىسىنى شەكلى ئۆزگەرگەن دارىلتامغا قارىغۇلارچە ئەكىرىپ قويغانلىق ھېسابلىنىدىكەن؛ ئەمەلىيەتتە بالا ئاتا - ئانىسى بىلەن تۇرغاندا تەربىيىلىنىشى ئەڭ ياخشى بولىدىكەن.

### توققۇزىنچى تەنقىد — ئاياللارغا قويۇلغان ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەلەپنى ئىنكار قىلىش

تارىخقا نەزەر سالساق، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەخلاق جەھەتتە ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارغا قاتتىق تەلەپ قويغان. ئەجەبا بۇنى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپلا چۈشىنىشكە بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەپسۇس، ھازىر ئاياللارغا ئەخلاق جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ ئاقىلانىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. ۋاڭ دۇڭخۇا مۇنداق قارىغان: «بالىلار ئانىلارنى ئۈلگە قىلىپ چوڭ بولىدۇ، شۇڭا ئانىلار چوقۇم ئەخلاقلىق بولۇش كېرەك».

### ئونىنچىتەنقىد — مۇستەبىتلىك

نۇرغۇنلىغان ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئېڭىدا يەنىلا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ قالدۇقى مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇلار: «بالا كىچىك، ئىش بىلمەيدۇ. مەن چوقۇم بالامنىڭ ھەممە

ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك؛ بالام مېنىڭ
بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇشى كېرەك، ھەتتا ئۇخشمايدىغان پد-
كىردە بولسا بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ۋاڭ دۇڭخۇانىڭ
قارىشىچە، باراۋەرلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسى
ئىكەن؛ باراۋەرلىك بولمىسا، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەر-
بىيە بېرىش تەسكە چۈشىدىكەن.

قىسقىسى، جۇڭگولۇق ئانىلار ئەسلىي تەبىئىتىنى
تەدرىجىي يوقاتماقتا. ھالبۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل
كرىزىسنى تونۇپ يەتمىدى. تەنقىد قىلىشتىن مەقسەت،
ئانىلارنىڭ تەبىئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. شۇڭا، ئانىلار-
نى چوقۇم تەنقىد قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا
ئىنۇلارنى چۆچۈتكىلى، ئويلاندۇرغىلى، ھەتتا ئويغاتقى-
لى بولىدۇ.

بۇ ماقالىنى نۆۋەتتىكى «ئاياللار دۇنياسى» غا توغرى-
لانغان بىر ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ماقالىنى
ئوقۇغان ھەربىر كىشى قولىغا خۇددى «جاھاننامە ئەينە-
كى» نى ئېلىپ، «ئاياللار دۇنياسى» نى كۆرگەندەك بول-
سا، ئاياللار، بولۇپمۇ «ئېقىمغا ماسلىشىدىغان» خېلى نۇر-
غۇن ساندىكى ئاياللار ئۆز ئەكسىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولى-
دۇ. سەۋەبى، بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋاللار
مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللار، ئانىلارنىڭ روھىي دۇنيا-
سىدا ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان رېئال ئىللەتلەردۇر.
بۇ ئىللەتلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسلار بىلەن كۈچلۈك تەنقىد
قىلىنغىنى گاراڭ ھالەتتە دورامچۇقلۇق بىلەن «ئالغا ئى-



گىرىلەۋاتقان» ئاياللارنىڭ روھىيىتىگە ئۇرۇلغان بىر قام-
چا. بارلىق ئاياللار، جۈملىدىن بىزنىڭ شەكىلنىلا بى-
لىپ، ماھىيەتنى چۈشەنمەي ئىش قىلىۋاتقان خانىم - قىز-
لىرىمىز، ئانىلىرىمىز بۇ ماقالىنى ئاتايىن بىر قېتىم ئو-
قۇشى، ئۆزى قىلىۋاتقان ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر قى-
لىق، ھەربىر ئىشلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى
كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى، يې-
نىكلىك، دورامچۇقلۇق بىلەن قارىغۇلارچە ئىش قىلماس-
لىقى، پۈتكۈل جەمئىيەت قارشى تۇرىدىغان زىيانلىق ئىش-
لار ئۈچۈن پالاقشىغۇچە ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇ-
لىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن باش
قاتۇرۇشى كېرەك.

# بالىڭىزنى پۇلغا قىزىقتۇرماي، پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىڭ

بالىلارنى پۇلغا قىزىقتۇرۇش بىلەن پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىش ئىككىسى ئىككى ئىش. ئالدىنقىسى بالىلارغا قالايمىقان پۇل بېرىپ، پۇلغا قىزىقتۇرۇپ قويۇپ، ھەدېسىلا ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىن دوستلىرىنى كۆرسىلا پۇل سوراپ، ئۇلارنى بىزار قىلىشنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى پۇلنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قىممىتى، رولى ۋە ئۇنى قانداق تاپىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قانداق قىلغاندا جايىدا خەجلىگىلى بولىدىغانلىقىنى بالىلارغا ئۆگىتىشنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتتىن ئىسپاتلىنىشىچە، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىغان بالىلارغىمۇ ئاز - تولا پۇل كېرەك بولىدۇ. بالىلارنىڭ پۇل خەجلىشىگە قارىتا ئاتا - ئانىلاردا مۇنداق ئۈچ خىل پىكىر، ئۇسۇل بار ئىكەن: بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، بالىغا پۇل دېگەننى تۇتقۇزماسلىق، كېرەكلىك نەرسىلەرنى چوڭلار ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىش. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە بولغاندا: «بالا پۇل خەجلەپ



ئۆگىنىپ قالسا، پۇلغا يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئوينايدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. بۇنداق بالا ھەدېسىلا پۇل بەر دەپ جېدەل قىلىپ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىزار قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى پۇل خەجلەتمەسلىك ھەتتا پۇلنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرمەسلىك كېرەك» دەپ قارايدىكەن. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، بالىلارغا پارچە پۇل بېرىش كېرەك دېگۈچىلەر. بۇلارنىڭ قارىشىچە: «بالىغا پۇل بېرىپ يىغىسىنى توختاتقىلى، ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلدۇرغىلى، ئاتا - ئانا بىر يەرگە بارسا، ئارقىسىدىن ئەگىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدىكەن. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر، بالىلارنىڭ يېشى، ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشىغا قاراپ پىلانلىق ھالدا ئاز - تولا پۇل بېرىپ ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەك دەيدىكەن. بۇنداق قارىغۇچىلارنىڭ پىكرىچە: «بالىغا ئانچە - مۇنچە پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى، پۇلنى بىلىش ۋە ئورۇنلۇق ئىشلىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى، پۇل ئارقىلىق بالىنى خۇش قىلغىلى، روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ» دەپ قارايدىكەن. بۇ قاراشلار ئىچىدە ئۈچىنچى خىل قاراش توغرا. چۈنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىز تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت. تاۋار بولىدىكەن، تەبىئىي ھالدا پۇل بولىدۇ. بارلىق ماددىي مەھسۇلاتلار پۇل ئارقىلىق سېتىۋېلىنىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا

كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ پۇلنىڭ رولى، ئۇنى تېپىش ئۇسۇلى، پۇلنى ئورۇنلۇق ئىشقا چىقىم قىلىش يوللىرى ھەققىدە بىلىم بېرىش كېرەك، ھەتتا 5 — 6 ياشلىق بالىلارغا پۇل تۇتقۇزۇپ بازاردىن سەي - كۆكتات، ئاچچىقسۇ، كىر سوپۇنى، تۇز قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق بالىلارغا پۇلنى ئىشلىتىش، سودا - سېتىق قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بالىلارغا پۇل تۇتقۇزۇپ تاماكا، ھاراق قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ھەرگىز بۇيرۇماسلىق كېرەك. بالىلارغا قانچىلىك پۇل بېرىش، قانداق چاغدا بېرىشنى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە بالىغا پۇل بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە قاراپ ھەم بالىلارنىڭ قىزىقىشى، ياش قۇرامىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. مەسىلەن، بالىلار ئويۇنچۇق ۋە رەسىملىك كىتاب ياكى ئۆزى ئامراق يېمەكلىك سېتىۋالماقچى بولسا، ئاز - تولا پۇل بېرىش لازىم.

بىز ئۇيغۇرلاردا ھېيت - ئايەملەردە بالىلارغا ھېيتلىق پۇل بېرىپ مۇبارەكلەيدىغان ئۆرپ - ئادەتلەر بار. بۇ مىللەت ئىچىدە ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، بالىلارغا ئۇرۇق-تۇغقانلار، دوستلار بەرگەن پۇللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش كېرەك.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ، پۇل خەجلەشتىن بۇرۇن، پۇلنى خەجلەشتىكى مەقسەت - مۇددا ئېنىق



بولۇش، خەجلەيدىغان پۇلنى ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ يوللىرىنى قىلىپ قويۇپ چىقىم قىلىش ۋە پۇلنى ئورۇنلۇق جايغا ئىشلىتىشنى تەكىتلەپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرى شۇنداق قىلىپ نەمۇنە ياراتقان. بولۇپمۇ شەھەردە ياشايدىغان ئاتا-ئانىلار 7 — 8 ياشلىق بالىلارنىڭ بويىنىغا تەنزە ئېسىپ، سەرەڭگە، ياپپاق، چاقماق، زۇماتاڭ قاتارلىق ئۇششاق تاۋارلارنى سېتىپ پۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، بالىلارغا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ پۇلنىڭ قىممىتىنى، پۇل تېپىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلىش، شۇڭا پۇلنى تېجەش ۋە ئورۇنلۇق ئىشقا ئىشلىتىش، سودا - سېتىققا ماھىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، بالىلارنى ياراملىق سودىگەرلەرگە ئايلاندۇرۇشنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرماقتا.

دېمەك، بىز بالىلارغا پۇل خەجلەشنىلا ئەمەس، بەلكى پۇل تېپىشنىمۇ ئۆگىتىشىمىز لازىم. بالىلارغا ئاز - تولا پۇل بېرىپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان، نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا يول قويۇش ھەم پۇل تۇتقۇزۇپ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، بالىلارغا ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى ئىشلىتىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، بىراق قەلبىنى ۋە روھىنى سېتىپ پۇل تاپسا ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى، پۇل تېپىشنى بىلگەن ئادەمدە پۇلنى ئورۇنلۇق چىقىم قىلىشتەك، دەل جايىغا خەجلەشتەك ئۇقۇمنىڭ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولۇشى لازىملى-

قىنى چۈشەندۈرۈش، بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاند-
دىلا، بالىلار قەلبىدە پۇلغا بولغان توغرا تونۇشنى يېتىل-
دۈرگىلى بولىدۇ.



## بالىلارنى هېكايە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق تەربىيىلەش

هېكايە، چۆچەكلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارى-
خىي مەدەنىيىتى، ئۆرۈپ - ئادىتى، گۈزەل ئەخلاق -
پەزىلىتى، تۇرمۇش - سەرگۈزەشتىلىرى، توپلىغان تەجرى-
بىلىرىنىڭ — ئەدەبىياتنىڭ تۇنجى سۈت ئانىسى بولغان
«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» نىڭ بىر تەركىبى بولۇپ، هېكا-
يە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنى دۇنيادىكى ئىشلار-
دىن ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەق-
قىيات جەريانى، تىل - يېزىقى، ئېتىقادى، مەدەنىيىتى،
سەنئىتى، ئۆرپ - ئادەت، هۈنەر - سەنئەت، ئەخلاق -
پەزىلەت، كەشپىيات، هەتتا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈ-
سىگە بولغان تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر، گۈزەل ئارزۇ -
تىلەكلەردىن خەۋەردار قىلىپ، بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى
ئاچقىلى، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تەلىپىنى
قاندۇرۇپ، ئۇلارنى گۈزەل خاراكتېر، يەنى گۈزەل ئەخ-
لاق- پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن هالدا بالىلار يۇقتۇرۇۋالغان بىر قىسىم نا-

چار ئىللەت، ئەخلاقتا مۇخالىپ قىلمىشلارنى تۇگەتكىلى
بولىدۇ. زامان تەرەققىي قىلماقتا. بالىلارنى قىزىقتۇرىدى-
غان تۇرلۇك زامانىۋى ۋاسىتىلەر كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ،
بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان يەنە بىر مە-
نىۋى كۈچ تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق. تەرەققىي قىلغان
ئەللەردىكى بالىلار تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان مۇتەخەسسىسلەر بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارنى
تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەمە-
لىي پاكىتلار ئارقىلىق تەكىتلىمەكتە.
بالىلار چۆچەكلىرى ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ سۆزلەش
قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ياشتىن ئالتە ياش-
قىچە بولغان بالا ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇيالمىغاچقا، ئاتا -
ئانىلىرى ۋە تەربىيىچىلىرىدىن چۆچەك ئاڭلايدۇ. بۇ جەر-
ياندا ئۇلار چۆچەكتىكى ھەر خىل ۋەقەلەرگە قىزىقىپ،
يېڭى شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش بىلەن بىرلىكتە تەبىئىي
ھالدا سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. بالىلار
چۆچەكلىرى بالىلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى-
نىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيىلەشتە
بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.
تەجرىبىلىك ئاتا - ئانىلار كىچىك بالىلىرىغا كىتابتى-
كى تەييار ھېكايە ، چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، تەربىيە
ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، گۆدەكلەردە كۆرۈلۈۋاتقان
نۇقسانلارنى تەھلىل قىلىپ، شۇ خىل ئىللەت ساقلانغان
بالىلار قىلمىشىنى ھېكايە، چۆچەك قىلىپ توقۇپ، ناھايى-



تى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بالىلار
تەربىيىسىدە زور ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.
ياش - ئۆسمۈرلەر ھېكايە، چۆچەكلەرگە ئىنتايىن
ئامراق. بالىلارنىڭ مۇشۇ خىل قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ،
ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىلەش رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ
كۆتكەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بالى-
لارغا« خەلق چۆچەكلىرى» نى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق
باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، سەمىمىيلىك، ۋاپادارلىق، قەھرى-
مانلىق خىسلەتلىرىنى بالىلارغا ئۆگەتكىلى بولىدۇ.
دېمەك، ھېكايە - چۆچەك سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق
بالىلارنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش كېرەك. ھازىر دۇنيا ئۇ-
چۇر دەۋرىگە قەدەم قويدى. بالىلىرىمىز مانا مۇشۇ كەس-
كىن رىقابەت ئىچىدە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان،
ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇ-
رۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن قاندۇ-
رالايدىغان روھتا تەربىيىلىنىشى كېرەك.

# بالىلارنىڭ مىجەزىنى توغرا بىلىش ۋە قان تىپىغا قاراپ ئىلمىي تەربىيىلەش

بالىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى جەريانى ئىجتىمائىي جە-
ھەتتىن كىچىك بوسۇغا بولسىمۇ، لېكىن باغلىنىش جەھەت-
تىن سەل قاراشقا بولمايدىغان ئالدىنقى مۇھىم بوسۇغا
ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەش جەر-
ياندا ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. ئەگەر ئاتا -
ئانىلار بالىلارنى ئىلمىي توغرا بولغان تەربىيىگە ئىگە قى-
لىشنى مەقسەت قىلسا، پەرزەنت تۇغۇلۇشى بىلەن بالىلار-
نى بېقىش ۋە تەربىيىلەش جەريانىدا، بالىلارنىڭ مىجەزىنى
توغرا بىلىپ ۋە قان تىپىغا ئاساسەن ئۇلارنى نىشانلىق
يېتەكلىشى لازىم. ئەنە شۇ چاغدىلا ئورۇنسىز ئوڭۇشسىز-
لىقلاردىن ساقلىنىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلەش
نىشانى ۋە مەقسىتىگە ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ.

بالىلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۇ-



لارنىڭ نېرۋا تىپى ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بو-
لۇپ، كونكرېت جەھەتتە مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ:

1) بەزى بالىلارنىڭ نېرۋا تىپى كۈچلۈك، ئەمما
تەڭپۇڭسىز، قوزغىلىشى ئۈستۈن كېلىدۇ. بۇ خىل بالى-
لار ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ. تىزگىنلەش نىسبەتەن تەس بو-
لىدۇ. بالىلارنىڭ مىجەزىدە كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇق بو-
لۇش، ھېسسىياتى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك بو-
لۇش، ياكى تېز بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قىيىن بو-
لۇشتەك ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنداق بالىلاردا يەنە باتۇر-
لۇق، خۇشخۇيلۇق، ئالغا ئىنتىلىش قاتارلىق ياخشى پەزى-
لەتلەر بولىدۇ. يەنە بۇنىڭغا قارشى بىپەرۋالىق، قوپاللىق
ئىللەتلىرىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق بالىلارنى تەربىيىلەش-
تە، چىشىغا تېگىپ تېرىكتۈرمەسلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش
قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك.

2) بەزى بالىلارنىڭ نېرۋا تىپى كۈچلۈك، تەڭ-
پۇڭلاشقان ۋە ھەرىكەتچان تىپقا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ خىل
بالىلاردا ئۆزگىرىشچانلىق ئۈستۈن بولىدۇ. مىجەزى
شوخ، ھەرىكەتچان، ھېسسىياتى تېز قوزغىلىپ ئۇزاققا
سوزۇلمايدىغان ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بالىلاردا
كۆيۈمچانلىق، چىقىشقاقلىقتەك خىسلەتلەر تەتۈرسىچە يې-
نىكلىك، ئەستايىدىل بولماسلىقتەك ناچار ئىللەتلەرمۇ
كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارغا كۆپ-

رەك پائالىيەت پۇرسىتى بېرىپ، ئۇلاردا پۇختا، ئىخلاس-
مەن بولۇش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتەك ياخشى پەزىلەت-
لەرنى يېتىلدۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

3) بەزى بالىلارنىڭ نېرۋا تىپى كۈچلۈك، تەڭپۇڭ،
ئەمما ھەرىكەتچان بولمايدۇ. بۇنداق بالىلاردا شەرتلىك رېف-
لېكس ئاسان شەكىللىنىدۇ، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ خىل
بالىلارنىڭ مىجەزى ئېغىر - بېسىق، تىنچ ۋە جىم، ھېس-
سىياتى ئاستا قوزغىلىپ ئۇزاققا سوزۇلۇش، ئاسانلىقچە
ئاشكارا ئىپادىلىمەسلىك، ھەرىكىتى ئاستا، سۇس بولى-
دۇ. بۇ خىل بالىلار سالماق، قەتئىي، چىداملىق ۋە
ئەمەلىي ئىشلەشتەك ياخشى پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ. بى-
راق، سوغۇق، تەرسا، سۆرەلمىلىكتەك ناچار ئىللەتلىرى-
مۇ بولىدۇ. بۇ خىل بالىلارنى تەربىيىلەشتە تېخىمۇ سەۋر-
چان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلىشىغا كۆپرەك
ۋاقىت بېرىش لازىم.

4) بەزى بالىلارنىڭ نېرۋا تىپى ئاجىز بولىدۇ. بۇ
خىل بالىلاردا شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىشى ئاستا
بولىدۇ. كۈچلۈك تەسىرنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. مى-
جەزىدە: سەزگۈرلۈكى ئاجىز، تەسىراتى مول بولسىمۇ،
ئىچىدىن چىقىرالماسلىق، ھەرىكىتى ئاستا ۋە كۈچسىز
بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بالىلاردا: ئىشقا
كۆڭۈل قويۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، خىيال قىلىش
قابىلىيىتى كۈچلۈك بولۇشتەك پەزىلەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ
ئەكسىچە گۇمانخورلۇق، توخو يۈرەك، ئۆزىگە ئىشەنمەس-



لىكتەك ناچار ئىللەتلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل بالىلار-
نى تەربىيىلەشتە كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش
بىلەن تەلەپنى بىرلەشتۈرۈش، ئادەم بار جايدا ئەيىبلىمەس-
لىك، ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەربىيە-
لەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

دېمەك، ئاتا - ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە بالىلارنى
پەزىلەتلىك، يارامىلىق، ھەقىقىي ئادىمىيلىك خىسلىتىگە ئى-
گە قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن،
بالىلارنىڭ مىجەزىنى توغرا بىلىپ، ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇل-
دا تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بالىلا-
رنىڭ مىجەزى يالغۇز نېرۋا تىپى بىلەنلا باغلىنىشلىق بو-
لۇپ قالماستىن، بەدەن سۈيۈقلۇقى (ئالىملارنىڭ تەتقىقات
نەتىجىسىدىن قارىغاندا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ بەدىنى-
دىكى سۇنىڭ مىقدارى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ %8.86 نى
ئىگىلەيدىكەن) ۋە قان تىپى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولىدۇ.
ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىلەشتە بۇ بىلىملەردىنمۇ خە-
ۋەردار بولۇشى كېرەك.

ئادەمنىڭ قېنى ئاساسەن تۆت تىپقا بۆلۈنىدۇ:
«O» قان تىپى، «A» قان تىپى، «B» قان تىپى،
«AB» قان تىپى. ئوخشىمىغان قان تىپىدىكى بالىلارنىڭ
زېھنىي قۇۋۋىتى، تەپەككۇرى، ئىنكاسى، ھېسسىياتى،
مىجەزى، خۇلقى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى
بىر- بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

1) «O» قان تىپىدىكى بالىلار. بۇ خىل قان تىپىدى-

كى باللارنىڭ زېهنى ئوچۇق، تەپەككۇر ئىنكاسى تېز ۋە
كۈچلۈك، تۇراقلىق بولۇپ، كۆپىنچىسى جاسارەتلىك،
مەرد، ئۈمىدۋار، مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە. ئۇلار پائالـ
يەتچان بولۇپ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بەك چوڭقۇر ئويلاپ
كەتمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى تەشكىلنىڭ ھىمايىسىگە
ئىگە بولالمىسا، سىرتتىن ھېمايىچى ئىزدەيدۇ. شۇ سەۋەبـ
تىن، يامان ئادەتلەرنى ئاسانلا يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ
باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە شانـ
شەرەپ قازىنىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغاچقا، شەخسىـ
يەتچىلىك، قىزغىنىش، ھەسەتخورلۇق قىلىش ھېسسىياـ
تىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرتقى مۇھىتقا ماسلىـ
شىشچانلىقى، باشقىلارغا بولغان ھېسداشلىقى كۈچلۈك،
لېكىن ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ھېسسىياتى تۇراقسىز كېلىـ
دۇ. باشقىلار بىلەن ئاسان دوست بولالايدۇ. لېكىن،
دوستلۇقى ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ. باشقىلاردىن زەربە يەپ
قالسا ياكى تەشكىل تەرىپىدىن تەنقىدلەنسە، ئاسانلا روھـ
سىزلىنىپ جىمغۇرلىشىۋالىدۇ. ۋە ئىستىقبالىدىن ئۈـ
مىدسىزلىنىدۇ. قىزىقىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ كۆپ
نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. لېكىن، قىيىنچىلىققا
دۇچ كەلسە توختاپ قالىدۇ. ئىرادىسى تۇراقسىزراق كېلىـ
دۇ. ئەستە قالدۇرۇش، ئوبرازلىق ئىپادىلەش، ئىچكى
ھېسسىيات بىلەن تاشقى قىياپەتنى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىداـ
رى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل مىجەزدىكى كىشىلەرنى
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىدە «قان مىزاج كىشىلەر»



دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل باللارنى يېتەكلەشتە ئۇلارغا كۆپـ
رەك مېهىر ـ شەپقەت كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ھەددىدىن
زىيادە يۇز ـ خاتىر قىلماسلىق، يېتەرسىز تەرەپلىرى بولسا
ئۆز ۋاقتىدا تەنقىدىي تەربىيە بېرىپ ياخشى ئەخلاق ـ پەزىـ
لەت يېتىلدۈرۈشكە، ئاتا ـ ئانىلارنى ئۇلۇغ بىلىش، كولـ
لېكتىپنىڭ شان ـ شەرىپىنى مۇقەددەس بىلىش ھېسسىياـ
تىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش، جاپاغا
چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش،
سەۋرچان، قەيسەر، تەۋرەنمەس بولۇشتەك روھنى يېتىلـ
دۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئۇلارغا كەلگۈسى نىشانى ۋە
ئىستىقبالىنى ئۆزلىرى چۈشىنەلەيدىغان ئوبرازلىق مىسالـ
لار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا توختىماي ئىلـ
گىرىلەشكە، كەلگۈسىدە قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان
يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشقا ئىلهام بېرىپ يېتەكلەش
لازىم.

2) «A» قان تىپىدىكى باللار. بۇ خىل قان تىپىدىـ
كى باللارنىڭ زېهنى ئوچۇق، تەپەككۇرى ۋە ئىنكاسى
ئاستىراق، ھېسسىياتى كۈچلۈك ۋە تۇراقلىق كېلىدۇ.
ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ، يالـ
غۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ
ئانىسى ياكى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى بەرگەن
ۋەزىپىسىگە ئانچە نارازى بولۇپ كەتمەيدۇ. بىرقەدەر سالـ
ماق ۋە سوغۇققان بولغاچقا، قىلماقچى بولغان ئىش ـ
ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى بەكرەك ئويلايدۇ. تۈيۈقسىز

دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ۋە باشقىلارنىڭ جىددىي سوئاللى-
رىغا ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاملىق غەلىبە
قىلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
راپ قالسىمۇ ئانچە مەيۇسلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، بەزى
چاغلاردا ئاسانلا قايغۇرىدۇ. ئاسان ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئاق
كۆڭۈل، ساددا كېلىدۇ. باشقىلارغا ئەتەي يامانلىق قىلىش-
نى، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايدۇ. كۆڭلىگە
ياقمايدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئىنكاس بىلدۈرمەي
جىم بولۇۋالىدۇ. باشقىلار بىلەن ئالدىراپ جېدەللەشمەي-
دۇ. لېكىن، جېدەللىشىپ قالسا ئاسانلىقچە بولدى قىلماي-
دۇ. غۇرۇرى كۈچلۈك ھەم تەرسا مىجەز بولۇپ، ئۆز
پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، سىرتقى مۇھىتقا ئاسان ماسلى-
شالمايدۇ. ھېسسىياتى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، ئاسان
ئۆزگەرمەيدۇ. مۇستەقىل ھالدا بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا
ئېلىپ چىقالايدۇ. بۇ خىل قان تىپىدىكى بالىلارنى يېتەك-
لەشتە، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ - سۆزلەرنى
قىلماسلىق، قاتتىق بېسىم ئىشلەتمەستىن، بەلكى سەۋر-
چان ۋە مۇلايىم بولۇپ، نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلىش
ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى
ئىشلىرى، ئېرىشكەن ياخشى نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا
ئىلھام بېرىپ ياكى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان
ئىشەنچىنى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ھېسسىياتىنى يې-
تىلدۈرۈشكە ھەمدە چاققانلىق، ماسلىشىشچانلىق، ئۈمىد-
ۋارلىق، دادىل پىكىر قىلىش، سۆرەلمىلىك قىلماسلىق



قاتارلىق ياخشى پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بې-
رىش لازىم.
3) «B» قان تىپىدىكى بالىلار. بۇ خىل قان تىپىدى-
كى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ زېھنى ئوچۇق، تەپەككۇر
ئىنكاسى تېز ۋە كۈچلۈك، لېكىن تۇراقسىز كېلىدۇ.
ئۇلار ئىش - ھەرىكەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىقلاردا ئۆزىنىڭ
قىزىقىشى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزى-
قىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىگە قىزىقىپ
باقىدۇ. لېكىن، بېسىپ ئولتۇرۇپ بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا
ئېلىپ چىقىش ئادىتى بولمايدۇ. ئاسان ھاياجانلىنىدۇ.
ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ. سۆز - ھەرىكىتى چۇس ۋە كەس-
كىن، كەيپىياتى تۇراقسىز، ئالدىراڭغۇراق كېلىدۇ، لې-
كىن مىجەزى رايىش بولۇپ، باشقىلار بىلەن دوست بولالاي-
دۇ. دىتىغا ياققانلارغا مۇلايىملىق بىلەن، دىتىغا ياقمىغان-
لارغا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ناتونۇش كى-
شىلەر بىلەن ئاسانلىقچە يېقىنلاشمايدۇ. ئەگەر يېقىنلى-
شىپ قالسا بىردىنلا كونا دوستلاردەك ئىچ سىرىنى تۆكۈ-
شۈپ كېتىدۇ. بۇ خىل مىجەزدىكى كىشىلەرنى ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تېبابىتىدە «سەپرا مىزاج كىشىلەر» دەپ
ئاتايدۇ. بۇ خىل بالىلارنى يېتەكلەشتە ئۇلار بىلەن كۆپرەك
بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىش - ھەرىكەتلىرىگە
بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا توغرا يۆنى-
لىش كۆرسىتىپ بېرىپ، شاختىن - شاخقا قونۇپ تۇراق-
سىزلىق قىلىش، مۇھىم نىشانى ياكى ئېنىق مەقسىتى

بىرلىمىغان ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا قىزىقىپ ۋاقىت ۋە زېھىن-
نى بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش
كېرەك. چوڭ بولغانسېرى ئۇلارغا بولغان تەلەپنى ۋە تەر-
بىيىنى مۇناسىپ ھالدا كۈچەيتىپ، نىشانلىق ھالدا ئىلگى-
رىلەپ، مۇقىم بىرەر كەسىپ ياكى تېخنىكىغا بولغان
قىزىقىشىنى قوزغاپ، بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چى-
قىشقا يېتەكلەش، ئىش قىلغاندا بىپەرۋالىق قىلماسلىق،
ئەستايىدىل، سەۋرچان، سالماق بولۇش، مەيدانى، نىشانى
ئىرادىسى، قىزىقىشى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇقىم يۆنىلىش-
تە ھەرىكەت قىلىشقا ئىلھام بېرىپ يېتەكلەش لازىم.

4) «AB» قان تىپىدىكى باللار. بۇ خىل قان
تىپىدىكى باللارنىڭ زېھنى نورمال، تەپەككۇرى ۋە ئىنكا-
سى دولقۇنسىمان ۋە تۇراقسىزراق كېلىدۇ. ئۇلار بەزىدە
ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر، بەزىدە ھېچنېمىنى بىلمەس بو-
لۇپ قالىدۇ. يالغۇز يۈرۈشكە ئامراق كېلىدۇ. كۆپ دوست
تۇتۇشنى خالىمايدۇ. ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە پەرۋاسىز
قارايدۇ. غەلىتە نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى
يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە بەزى قىلىقلىرى باشقىلاردا ئاسانلا
غەلىتە تەسىرات قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار بەزىدە كىشىنىڭ
ئەقلى يەتمەيدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىدۇ. بەزىدە كاللى-
سى ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلار راستچىل،
ئاق كۆڭۈل، نومۇسچان، غۇرۇرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزى-
نى قەدىرلەش، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ھېسسىياتى
كۈچلۈك، ئىش قىلغاندا كۆڭۈل قويىدۇ ۋە ئۆگىنىشكە



ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ. قورقۇنچاقراق، گۇمانخور
ۋە ئېھتىياتچان كېلىدۇ. بەزى ئىشلاردا ئالدىراپ ئىپادە
بىلدۈرمەيدۇ. سىرتقى مۇھىتقا تەستىرەك ماسلىشىدۇ.
مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارالايدۇ. ئىچكى ھېسسىياتقا باي،
لېكىن ئۇيلىغانلىرىنى ئالدىراپ سىرتقا چىقارمايدۇ. باش-
قىلاردىن سىر ساقلايدۇ. سىرتقى قىياپىتى سۇس ۋە غەم-
كىن كېلىدۇ. بەزى چاغدا شىجائەتلىك، باتۇر بولۇپمۇ
قالىدۇ. تارىختا ئۆتكەن بەزى ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ تەرجى-
مىھالىغا ۋە بەزى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ پىكرىگە ئاساس-
لانغاندا، بۇ خىل قان تىپىدىكى باللارنىڭ بەزىلىرى كەل-
گۈسىدە قولىدىن جىق ئىشلار كېلىدىغان داڭلىق كىشى-
لەردىن بولۇپ چىقالىشى، بەزىلىرى بىر ئۆمۈر قولىدىن
ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇم-
كىن. شۇڭا، بۇ خىل قان تىپىدىكى باللار تەربىيىلەپ
يېتەكلەشكە تېخىمۇ موھتاج. بۇ خىل باللارغا تەربىيە
قىلغاندا كۆپرەك ئىجابىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىپ يېتەك-
لەش، غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەر بىلەن ئەيىبلىمەسلىك
كېرەك. بۇ خىل باللار بىلەن ئاتا - ئانىلار كۆپرەك بىرگە
بولۇپ ۋە ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىش - ھەرىكەتلىرىگە كونك-
رېت يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانى ۋە
يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپ يېتەكلەش، بىلىم ۋە نەزەر
دائىرىسىنى نىشانلىق كېڭەيتىپ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى
چېنىقتۇرۇش ھەمدە ئۇلاردا جۈرئەتلىك، باتۇر، ئوچۇق -
يورۇق بولۇش قاتارلىق ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى يې-

تېلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئائىلە تەربىيىسى داۋامىدا
مانا مۇشۇنداق يېتەكلىگەندە، بالىلارنىڭ نىشانلىق ۋە ئۇ-
نۇملۇك ئائىلە تەربىيىسى ئاساسىدا مەكتەپ تەربىيىسىگە
ئاسانلا ماسلىشىپ، مەكتەپ ھاياتىنى ئىزچىل، غەلىبى-
لىك بېسىپ ئۆتۈشىگە، كەلگۈسىدە يارامىلىق كىشىلەردىن
بولۇپ چىقالىشىغا زور پايدىسى بولىدۇ. بالىلارنىڭ مىجە-
زىنى توغرا بىلىش ۋە قان تېپىغا قاراپ تەربىيىلەش ۋە
يېتەكلەش دەۋرنىڭ تەلىپى، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجى. بالى-
لارنى دەۋر تەلىپىگە لايىق ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي
جەھەتتىن تولۇق، ئەتراپلىق يېتىلگەن كەلگۈسىنىڭ ئىز-
باسارلىرى، قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ تەربىيىلەش ئۇ-
چۇن، بالىلارنىڭ مىجەزىنى توغرا بىلىش، بالىلارنى قان
تېپىغا قاراپ تەربىيىلەش، يېتەكلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ئاتا-
ئانىلار ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم.



本书纳人有关子女教育的部分文章。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۇل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل سىدىق

# پەرزەنت ۋە پەزىلەت

تۈزگۈچى: خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.625 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1

ISBN7 — 5373 —1548 — 5
باھاسى: 10.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998